«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物



ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا (1928.11.20 — 1988.3.7) نى ياد ئېتىمىز

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

1
2011
新疆文化
ISSN 1008-6498

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

www.uyghurkitap.com



ئەسلىدە بىرلا «ئاق چاچلىق قىز»دىن باشقا تۈزۈك تىياتىرى يوق شاڭخەي بالېت ئۆمىكىنى «مىللىي خاسلىق — جۇڭگو بالېتچىلىقىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدىكى ئاچقۇچ» دېگەن ئىدىيە بويىچە يېتەكلەپ بۈگۈنكى كۈندە نۆۋەت بىلەن ئوينايدىغان «ئاق قۇ كۆلى»، «دونكىخوت»، «گىسېل»، «چۇغلۇق قىز»، «فائۇست» قاتارلىق توققۇز كىلاسسىك تىياتىرى بار، دۇنياغا يۈزلەنگەن داڭلىق ئۆمەك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا زور تۆھپە قوشقان سەنئەت تەشكىللاتچىسى، شاڭخەي بالېت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى هامۇت ئەهەدى ئەپەندى.

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## خۇشاللىقا خۇشناۋا جاھان


«مەشرەپ» ب د ت نىڭ «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى ........................ 2


## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»


مېنىڭ ۋەتىنىم ........................ چىڭغىز ئايتماتوۋ 3


## ئەنئەنە ۋە مەۋجۇتلۇق


نىسپىي مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمى ئارقىلىق ئەنئەنىگە باھا .......... ئابلەت مۇھەممەت 5


## ئەدەبىيات گۈلزارى


ئىككى رىۋايەت ............ (شېئىرلار) ............ بوغدا ئابدۇللا 13
شېئىرلار ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن 15
يەتتە شېئىر ........................ ئادىل تۇنىياز 17


## روھىيەت مەشئەللىرى


گۈلەندىم ئابىستانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن .......... يالقۇن روزى 21
ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم ........................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 32


## سەنئەت تەتقىقاتى


«كۇسەن ئۇسسۇلى »يالغاچ ئۇسسۇلمۇ؟ ........................ ئەھەت داۋۇت 42


## دەيمۇ، دېمەيمۇ


تۇل موماي ۋە چىرىك ئۇنسۇر ........................ ئوسمان زاھىر 50


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ ئابدۇغېنى تۇغرۇلتېكىن، گۈلزىيا مۇستاپا قاتارلىقلار 56


## بىلىم باغچىسى


مۇقىم بايراملار ۋە خاتىرىلەش كۈنلىرى .............. زۇنۇن باقى تەييارلىغان 60


## «ئۆزۈم ھەرجايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»


جەنۇبىي جۇڭگودا يىلتىز تارتقان ئۇيغۇرلار .......... ھىدايەت يانتاق 62


## تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ... ئەلىجان تۇرسۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى 73


**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: بەگمەت يۈسۈپ**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(60 - يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2011 - يىل 1 - سان
(ئومۇمىي 307 - سان)

باش مۇھەررىر(قوشۇمچە):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىرى )



# «مەشرەپ» ب د ت نىڭ «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى

2010-يىلى 15-نويابىر كېنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى نايروبىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھۆكۈمەتلەر ئارا كومىتېتىنىڭ 5-يىغىنىدا «مەشرەپ»نى «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈش ماقۇللاندى.

«مەشرەپ» شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كەڭ تارقالغان. رايون ياكى ئىجتىمائىي رولىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قاراپ مەشرەپنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرى مول ھەم خىلمۇ-خىل. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە مۇقام، خەلق ناخشىلىرى، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، تىياتىر، سېرك، خەلق ئويۇنلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىدىغان ئاساسلىق مەدەنىيەت بوشلۇقى. شۇنداقلا، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، مىللىي قائىدە-يوسۇن، مەدەنىيەت-سەنئەت قاتارلىقلارنى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە ئەۋج ئالدۇرىدىغان مۇھىم سورۇنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيت-بايرام، مىللىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

«جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى» بولسا ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 2003-يىلى ئۆكتەبىردە ماقۇللانغان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»گە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلىنىش ئەھۋالى جەھەتتە ھېلىمۇ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىگىلىشىمىزچە، 2006-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا «مەشرەپ»نى قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت بۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈش، قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 31 خىل مەشرەپ سۈرەتكە ئېلىنغان. ئەسلىدە بار بولغان 130 نەچچە خىل مەشرەپ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئازىيىپ ھازىرغا قەدەر 30 نەچچە خىل مەشرەپ ساقلىنىپ قالغان ئىكەن.

—زۇنۇن باقى خەۋىرى

## خۇشاللىقتا خۇشناۋا جاھان



# مېنىڭ ۋەتىنىم

چىڭغىز ئايتماتوۋ (قىرغىزىستان)

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولىدۇ. «ۋەتەن»[1] دېگەن بۇ سۆز قىرغىزلاردا ئاتا- بوۋىلار ياشىغان جاي، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پەقەت باغۇبوستانلىقنىلا كۆزدە تۇتقان گەپ ئەمەس. مەن ھازىرقى دۇنيا توغرۇلۇق گەپ ئېچىشتىن بۇرۇن ئۆز ھاياتىمنىڭ يىلتىزى سۇ ئىچكەن مەنبە توغرۇلۇق توختالماقچى. تولىمۇ سېغىندۇرغان، بىر كۆرۈۋېلىشقا تەشنا بولغان تالاس دىيارىنى ئاق ۋە قارىسى ئارىلاش قىياپىتى بويىچە، كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن. ئەگەر مەن ئالەم بوشلۇقىدا كۆك قەرىنى كېزىپ كېتىۋاتقان ساياھەتچى سۈپىتىدە، يەر توغرۇلۇق ئويلىماقچى بولسام، چوقۇم ئۇنى ئۆزۈم چوڭ بولغان شېكەر ئاۋۇلى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىشىم تۇرغانلا گەپ. چۈنكى مېنىڭ يىلتىزىم ئاشۇ شېكەر ئاۋۇلىدا. شۇ يەردە مېنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىم ياشىغان. شۇ يەردە مەن بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ، تۇرمۇش ئۆگەنگەن ھەم ياشاش يولۇمنى تاپقان. ئاتا يۇرت[2] دەپ ئاتالغان، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرنىڭ تىرىكچىلىك تەرتىپى، ئۆرپ- ئادىتى، ناخشا- قوشاقلىرى، ھېكايە- چۆچەكلىرى، تەبىئىي مەنزىرىلىرى، ھاۋاسى— ھەممە تەرىپى، ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگە ۋە ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

بىزنىڭ ئاۋۇلنىڭ بوۋايلىرى ھەربىر بالىغا: «قېنى، يەتتىنچى بوۋاڭلارغىچەساناپ بېقىڭلارچۇ؟» دەپ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. بۇنى خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى دېيىشكە بولىدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتمۇ مانا مۇشۇ ئاساستا بولىدۇ. مەن بۇنى «ئاق پاراخوت» ناملىق پوۋېستىمدا، بالا بىلەن ماشىنا ھەيدىگەن قازاق يىگىتنىڭ دىيالوگلىرىدا ئىپادە قىلىشقا تىرىشقان ئىدىم.

پوۋېستىكى بالا، رېئاللىقتا يەتتە بوۋىسىنىڭ نامىنىمۇ ئۇقماي ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ناھايىتى ھەيران قالىدۇ:

— داداڭ ساڭا يەتتە ئاتاڭنىڭ نامىنى ئۆگەتمىگەنمۇ؟— دېدى بالا.

— كىم بىلىدۇ ئۇنى، بىلگەنىنىڭمۇ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ يەتتە ئاتامنى بىلمەيمەن. بىراق كۆرۈپ تۇرىسەنغۇ، بىر ئوبدان ياشاۋاتىمەن.

— ئاتامنىڭ دېيىشىچە، كىشىلەر ئۆز يىلتىزىنى ئۇنۇتسا، تاپتىن چىقارمىش.

— نېمىشقا؟

— ئۇ چاغدا كىشىلەر بەربىر ئەۋلادلىرىم بىلمەيدىغۇ دەپ، يامان ئىشلاردىن يانمايدىغان، گۇناھدىن يىرگەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ ئاتام، بەربىر باللىرىم، باللىرىمنىڭ باللىرى بىلمەيدۇ دەپ ساۋابلىق ئىش قىلمايدىغان بولىدۇ...

بۇ ئاددىيغىنە ئەنئەنىۋى پەلسەپىنى، مەن باللىق چاغلىرىمدا شېكەرلىك ئاقساقاللارنىڭ نەسىھەت سۆزلىرىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. مەن شېكەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى ھازىرغىچە ئەستە تۇتىمەن. مېنىڭ ئاتام— تۆرۆقۇل، تۆرۆقۇلنىڭ ئاتىسى— ئايتمات، ئايتماتنىڭ ئاتىسى— كىمبىلدى، كىمبىلدىنىڭ ئاتىسى— قونچۇجوق... مۇشۇنداق سۈرۈپ كەلسەك، بىزنىڭ جەمەتىنىڭ يىلتىزى شېكەرنىڭ ئۆزىگىچە داۋاملىشىدۇ. ئاتامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتىلىرىنىڭ تۇغقانلىرى— ئېرىسقۇلبەگ، كېرىمبەگ، ئۇزبەگ، سۇبانبەگ، دوۋۇلبەگ، ئالمقۇل، پىرىمقۇل... بۇلارمۇ مېنىڭ بوۋىلىرىمنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

قارىماققا بۇ بىر قاتار ئادەم ئىسىملىرى تىزىملىكىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما، مەن ئۈچۈن بۇنىڭ مەنىسى تولىمۇ چوڭقۇر. ئەل ئىچىدە، بۇ ئىسىملار توغرۇلۇق ئېيتىلىۋاتقان تەرىپلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، تولىمۇ خۇرسەن بولىمەن ۋە پەخىرلىنىمەن. بۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا: ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، «ماناس ــ ئاتا» دەپ ئاتالغان ھەيۋەتلىك تېغىمىزنىمۇ ھۆرمەتلەيمەن. ماناس ــ ئاتا تېغى ــ رۇس فولكلورچىلىرىنىڭ تەرىپى بويىچە ئېيتقاندا ــ باتيۇشكا ماناس![3] دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئەتىگەندە بولسا بۇ تاغنىڭ سايىسى ئاۋۇلنى پېپىنچاقلاپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا، ھەربىر ئادەمگە تۇرمۇش ـ تىرىكچىلىكنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇق ـ خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدۇ. تالاس تاغ تىزمىلىرىنىڭ بۇ بۈيۈك چوققىسىدىن ئۇلۇغ بوۋىمىز ــ ماناس، ئۆز يېرىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا دۇربۇن بىلەن قاراپ، دۈشمەننىڭ قايسى تەرەپتىن كىلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ تۇرىدىكەنمىش. ئايىمخان چوڭ ئانام بىلەن قاراقىز چوڭ ئاچام ئىككىسى ماڭا شۇنداق دەيتتى. بۇ ئىككىسى يەنى ئانىسى بىلەن قىزى، بىر ـ بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش بولۇپ، ناھايىتى مېھرىبان ئىدى. خەلق قوشاقلىرى، ھېكايە ـ تەمسىل دېگەنلەرگە ناھايىتى پىششىق ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن تەربىيەچىلىرىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داڭلىق مەرگەن دوسالى يېزنەممۇ خەيرلىك ئىشلارنى كۆپ قىلغان، مەن ئۇچۇن مەڭگۈ ياد ئېتىشكە ئەرزىيدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئىككىمىز ئەينى ۋاقىتلاردا ئاقسايدىن تارتىپ كۆكسايغىچە بولغان نۇرغۇن يەرلەرنى بىللە ماڭغان ئىدۇق.

چوڭ ئاتام ــ ئايتماتنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئۇ 1920 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. مەن بولسام 1928 ـ يىلى تۇغۇلغانىكەنمەن. ئاۋۇلنىڭ چېتىدە ــ كۈركۈرە دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر جايدا، يەرگە پېتىپ كەتكەن بىر تۈگمەن تېشى بار. مانا مۇشۇ يەردە چوڭ ئاتامنىڭ تۈگمىنى بولغان ئىكەن. ياخشى كۆڭۈل كۆرەرمىز دەپ ئاكىسى پىرىمقۇل بىلەن ئىككىسى مىڭبىر جاپادا بۇ تۈگمەننى بىنا قىلغان ئىكەن. ئەپسۇس! كېيىنكى يىلى يازدا بۇ تۈگمەنگە ئوت كېتىپتۇ. بىراق، «يامان كۈننىڭ كەينىدىن، ياخشىسىمۇ كېلىدۇ» دېگەندەك بارلىق بىساتىدىن ئايرىلغان چوڭ ئاتام، ئاخىرى تۆمۈر يولدا ئىشلەمچى بولىدۇ. ئۆزى بىلەن بىللە مېنىڭ ئاتام ــ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوسمۈر بالا تۆرۈقۇلنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. مانا مۇشۇ ئىش ئاتامنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە سەۋەبچى بولغان. شۇندىن كېيىن ئاتام شەھەرگە كىرىپ مەكتەپتە ئوقۇپتۇ. ھازىر مەن تاغلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان يول بىلەن «مايماق ئىستانسىسى» دەپ ئاتالغان پويىز بېكىتىگە كېتىۋېتىپ، ئاتىلىرىمىز ئۆزلىرىمۇ ئۇقمىغان ھالدا تاغ تېشىپ، يول ياساپ، كېيىنكى ئەۋلادلار بولغان بىزنىڭ تاشقى دۇنياغا ــ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ پارلاق نۇرلىرى تەگكەن دۇنياغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى ياسىغانلىقىنى زور ھاياجان ئىلكىدە خىيال قىلماقتىمەن. كونىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىنى يارىتىش، ئەڭ دەسلەپتە، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ زىممىسىدىكى بۇرچى ئىدى. بۇ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تارىخى ئىدى. شۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئاچ ـ يالىڭاچلىققا قارىماي، يەر تېرىپ، يېڭى زاماننى يارىتىمىز دېگەن كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئەينى دەۋرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇشقان. بىز ئەنە شۇلارنىڭ داۋامى.

مەن ئاتام تۆرۈقۇلنى كۆپ ئەسلەيمەن. تۆرۈقۇل ئايتماتوۋ ــ قىرغىزىستان كومپارتىيەسىنىڭ ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىنى ئىنقىلابقا ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ياش ۋە قاۋۇل، ئىرادىلىك ۋە ئەستايىدىل سىماسى ھېلىمۇ يادىمدا ساقلانماقتا. مېنى ئاتامغا سېلىشتۇرغاندا، مەن ياش جەھەتتىن ھازىر خېلىلا چوڭلۇق قىلىمەن.

ئاپام ناغىيما قامزا قىزى بولسا، ئۆز ۋاقتىدا ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتىدا خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئاتام بىلەن خىزمەت جەريانىدا تونۇشقان ئىكەن. مەن ئۇلارنى دائىم بىللە ئىشلەپ، بىللە تۇرغان ھالەتتە ئەسلەيمەن. ئاتامنىڭ ئاچىسى ــ قاراقىزنىڭ كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيى زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ. ھازىر بۇ ئۆيدە ھېچكىم تۇرمايدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بىز ــ ئاپام ۋە ئۇنىڭ تۆت بالىسى، دەل مۇشۇ ئۆيدە ھايات كەچۈرگەن ئىدۇق. بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە، ئاپام شۇ پاكار كېسەك تامدىن چىقىپ: «قاراڭلارچۇ! بىزنىڭ تاغلىرىمىز نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەمەسمۇ؟!» دەپ، ماناس ــ ئاتا تېغىنى كۆرسەتتى.

بۈگۈنكى كۈنگە قانداق ئېرىشكەنلىكىمىزنى، بالىلىرىمغا چۈشەنچۈر ھېس قىلدۇرالمىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ياشلار تەييارغا ھەييار بولۇپلا ئۆتمەس، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم تۇرمۇشنى باياشات قىلىشقا بىر ئۇلۇش بولسىمۇ ھەسسە قوشالىسا، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ قەدرىگە يېتەلىسە، ئاندىن ئۇ توغرا ئىش قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە، شۇنداقلا ھازىر ۋە كەلگۈسىگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا باغلىق.

1978 ـ يىلى

## ئىزاھات

[1] «ۋەتەن» سۆزى قىرغىزچىدا «مەكەن» دېيىلىدۇ، بۇ ئەسلىدە «ماكان» دېگەن سۆز بىلەن تومۇرداش ــ تەرجىماندىن.

[2] قىرغىزلاردا يۇرت ـ ۋەتەننى ئاتا ئارقىلىق سۈپەتلەيدۇ. «ئاتايۇرت»، «ئاتا مەكەن» دېگەندەك ــ تەرجىماندىن.

[3] «باتيۇشكا ماناس» تەڭداشسىز ماناس دېگەن مەنىدە ــ تەرجىماندىن.

[4] «چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى» 8 ـ توم، بىشكەك، ئۈچقۇن نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرىدىن تاللاپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى ساھىبەگ ئالى.

تىلماچ: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا لېكتور.

www.uyghurkitap.com



# نىسپىي مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمى ئارقىلىق ئەنئەنىگە باھا

ئابلەت مۇھەممەت

ئەنئەنە بىر خەلقتە مۇئەييەن زامان، ماكان شارائىتىدا يېتىلگەن بىر تۈرلۈك ئادەت كۈچى. مەدەنىيەت ھادىسىسى، روھىي ھالەت ئەندىزىسى، ئەخلاقىي ئامىل، ۋەھاكازالاردىن تەشكىل تاپقان خاس مىللىي قۇرۇلما شەكلى. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئىككىنچى بىر خىل زامان، ماكان شارائىتىدا ياكى تاۋلىنىپ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى نامايان قىلىۋېرىدىغان ياكى كونىراپ شاللىنىپ سەھنىدىن چۈشۈپ قالىدىغان خاس مىللىي قۇرۇلما شەكلى.

مىللەت مەۋجۇت ئىكەن، مۇئەييەن خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەنئەنىلەرمۇ زامان ۋە ماكان ئۆزگىرىشلىرىنىڭ رىتىمىغا ئۇيغۇنلاشما شەكىلدە سۈپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ، شۇ ئۆزگىرىش دەۋرىي قىلغان ھالدا مىللەت بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئۇ مۇئەييەن تارىخ شارائىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدا نوقۇل تۇرغۇنلۇق، ساقلىنىش مەسىلىسى مەڭگۈ مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇ ھەرگىز بىر خىل ئوربىتا يۆنىلىشكە مەنسۇپ ھادىسە ئەمەس. ئەنئەنە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدا ئۈزۈكسىز يېڭى قانلارنى قوبۇل قىلىپ، ھاياتچانلىقىنى ئىلگىرىلەش داۋامىدا سىناق بىلەن ساقلاپ ماڭىدىغان شەيئى-ھادىسىلەر ئۇقۇمىدۇر. مىللىي گەۋدە تارازىسىنىڭ مەركىزىي پەللىسى، ئىجابىي ۋە سەلبىي ئەنئەنە خاھىشلىرى گىرتاشلىرىدۇر. بىر مىللىي قوۋمنىڭ تەقدىر ئىستىقبالى مۇقەررەركى ھامان ئېغىر بىر تەرەپنىڭ سالمىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ ئەنئەنە بىلەن ئۆلچىنىدىغان قوۋمنىڭ ھايات-ماماتلىق تارازىسىدۇر. ئەنئەنە مۇئەييەن قىممەت ئۇقۇمى، ئۇ يەنە ۋاقىت بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ.

## ئەنئەنە ۋە مەۋجۇتلۇق

### 1

باشلانغان نەرسىلەر مۇئەييەن دەۋر، زامان، ۋاقىت، شارائىت بىلەن تومۇرداش ھالدا مۇئەييەن ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك بويىچە تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ، ھامان ئاخىرى ئاياغلىشىش نۇقتىسىغا يېتىش بىلەن تۈگەللىنىدۇ. تەبىئەت ئالىمىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئەقىللىق ئەركىسى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەنئەنىسى ماددىدىن پەيدىلىنىشتىن باشلانغان. بۇ ئەنئەنىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئادەمئاتا زامانىدىن باشلانغان كىيىم كىيىشنى بىلىش ئىدى. بۇ ھەقتە مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەسلىدە ئادەمئاتا بىلەن ھاۋۋا ئانا يارىتىلغاندا ئۇلاردا تېخى ئەقىل-ئاڭ بولمىغان ئىدى. ئۇلار باغى ئېرەمدە ياشايتتى. كېيىن ئۇلار باغدىكى چەكلەنگەن «ئەقىل مېۋىسى»نى ئوغرىلىقچە يەپ سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا بىردىنلا ئاڭ پەيدا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىپيالىڭاچ ھالىتىدىن ئۇيىلىپ كېتىدۇ ۋە ئېرەم باغدىكى ئەنجۈر يوپۇرمىقىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالىدۇ. مانا بۇ ئەڭ دەسلەپكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى — كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئىدى. شۇنىدىن تارتىپ باشلانغان تاش قوراللار دەۋرى، برونزا-مىس قوراللار ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگىچە بولغان مۇشۇ تارىخىي دەۋرلەردە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتلەرمۇ ئىپتىدائىي كوممۇنا، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن باشلاپ فېئودالىزم، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم جەمئىيەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىنسانلار يۇقىرى پەن-

تېخنىكا، ئۇچۇر دەۋرىگە كىردى. بۇ ھەربىر تارىخىي باسقۇچتا ئىنسانلار ئۆزى ياشىغان دەۋر، جەمئىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇناسىپ ھالدا تارىخىي ئەنئەنىلەرنى ياراتتى. گەرچە بىز مۇشۇ دەۋر ئىنسانلىرى ئۆتمۈش تارىخنىڭ ۋارىسلىرى بولساقمۇ، يەنىلا ماھىيەتتە بۈگۈننىڭلا ئىگىسى، خالاس. كۆپلىگەن تارىخىي ئەنئەنە پەقەت ۋە پەقەتلا ئۆتمۈش تارىخنىڭ شاھىتى، بۈگۈننىڭ تۆھپىكارى سۈپىتىدە تارىخىي مۇزېيلارغا كىرىپ كەتتى. شۇڭا بۈگۈنكى ئىنسانلار مەيلى ئۇ كىم، قايسى مىللىي قوۋم بولمىسۇن ئاخىرقى ھېسابتا تاۋلىنىپ بۈگۈنگە يەتكەن، بۈگۈنكى ئەنئەنىنىڭلا ئىگىسى، خالاس. ئىنسانلار بېسىپ ئۆتكەن ھەر قايسى جەمئىيەت تارىخىي باسقۇچلىرى «زۆرۈرىيەت ئالەمدىن ئەركىنلىك ئالەمى» گە يېتىش مۇساپىسىدىكى زۆرۈرەن تارىخىي قەدەملەر ئىدى. تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور غايىسى ئەڭ كەڭ مەنىدىكى ئەركىنلىك ئۇقۇمى بولۇپ، ھەر قايسى خەلقتە بۈگۈنگىچە ئۆزلۈمەي داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىنىڭ يادروسى ئىدى. ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئىنسانلاردىكى ھەرقانداق بىر تاشقى كۈچ يىمىرىۋېتەلمىگەن مۇقەددەس خاھىش ئىدى. ئىلىم ـ پەن، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنى جىسمانىي جەھەتلەردىن مۇئەييەن زور دەرىجىدە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى. جەمئىيەتلەر تەرەققىياتىمۇ ئىنسانلارنىڭ روھىيەت ۋە مەنىۋىيەت زۆرۈرىيەتلىرىنى مۇئەييەن ھالەتتە نامايان قىلىش يۆنىلىشى بويىچە ئىلگىرىلەپ كەلدى. ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىك ئالەمگە يېتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ئاداققىچە داۋاملىشىدىغان جەمئىيەت مۇقەررەرلىكىدۇر.

گەرچە ھازىرقى جەمئىيەتلەر تۈزۈلمىلەر، دۆلەتلەر ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەر بىلەن مۇئەييەن جىددىي زىددىيەتلەر ئىچىدە داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، جەمئىيەتنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشتىكى قەدەم ـ باسقۇچلىرى تۆۋەن ۋە يۇقىرى باسقۇچتا پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ئورتاق نىشان ئىنسانلار تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشىلىدىغان جەمئىيەت باسقۇچىغا يېتىشتۇر. بۇ نۇقتىنى دەسلەپ ياۋروپادىكى بىر قىسىم سوتسىيولوگ يەنى گېگېل، كانت قاتارلىقلار جەمئىيەت قانۇنىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ماركس تەرىپىدىن ئىلمىي سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم تەلىماتى نەزەرىيە سىستېمىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ ئاخىرقى نىشانى بولغان ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى باسقۇچىدا پۈتكۈل دۇنيادا دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىن قېلىشى، ھۆكۈمەت، ئارمىيە بولمىغان، دۇنيا مىللەتلىرى بىرلىشىپ كەتكەن، كىشىلەر يۇقىرى ئاڭ، يۇقىرى تەرەققىياتقا يەتكەن، ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپ، ئېھتىياجىغا قاراپ تەمىنلىنىدىغان، يۇقىرى دەرىجىدە مەدەنىيلەشكەن جەمئىيەت ـ كوممۇنىزم جەمئىيىتى پىرىنسىپلىرى دەل ئاشۇ ئىنسانىيەت ئۈزمەي كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان «ئەركىنلىك ئالەمى»نىشانى ئىدى. ئەلۋەتتە، نىشان يەنىلا نىشان، مەقسەت يەنىلا مەقسەت، بېسىلىدىغان يول يەنىلا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋە ئەگرى ـ توقاي. ئەمما، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە ئىنسانلارنىڭ كۆرۈۋاتقىنى يەنىلا ئىنسانلارنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئومۇمىي ئېقىم دائىرىسىدىكى شوئارلاردىن ھالقىپ كېتەلمىدى. كاپىتالىزم ئەنئەنە سۈپىتىدە كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك شوئارلىرىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى شوئارى قىلىپ جاكارلىدى. سوتسىيالىزم بولسا خەلق ھوقۇقى، خەلق خوجىدارلىقى، دېموكراتىيە شوئارلىرىنى ئۆز غايىسىنىڭ تۈپكى ۋاستىسى قىلدى. دېمەك، تۈزۈلمە، مېخانىزملار جىددىي پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، ھەممىدە ئوخشاشلا ئاخىرقى نىشان ـ ئىنسانىيەت ئەركىنلىكى نىشانىدىكى مۇكەممەل ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەت ئورتاق ئالاھىدىلىكى كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئەركىنلىك نىشانىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ھەرقايسى خەلققە بىر ئەركىن راۋاجلىنىش دەۋرى باسقۇچى زۆرۈرەن كېرەك بولىدۇ. بىز ھەر قايسى نۇقتىدىن قارىساقمۇ، ئەركىنلىك ئىنسانلارنىڭ ئاداققىچە ئۆزگەرمەس بىردىنبىر ئەنئەنىسى، دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز.

بىز ئەنئەنىنىڭ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ بېرىشى ئىنسانلارنى قاتمال، قاششاقلىقتىن ئازاد قىلىپ، ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىتىۋاتقانلىقىنى يەنىلا كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى يېڭىلىنىشتىنمۇ كۆرەلەيمىز. ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى سىلىق، سىپتا مودا دەۋرگە كىردى. يوپۇرماق كىيىملەر، تېرە كىيىملەر، قولدا توقۇلغان پاختا ۋە يۇڭ كىيىملەر قەدەممۇقەدەم تارىخىي ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ يېڭىلانغان ئەنئەنە بولۇپ قالدى. ئەمما كىيىم ـ كېچەك دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۆزگەرمىدى. كونا ئاساستا كىيىم ـ كېچەكنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، شاللاپ، كۆركەم، ئازادىلىك زۆرۈرىيىتى بويىچە قانۇنىيەتلىك يېڭىلىنىپ بېرىشنى ھېچقانداق كۈچ توسالمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت شەكىل ئۆزگىرىشى ئىدى، خالاس. دېمەك ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنى سىز بىلەن مەن ئەمەس بەلكى دەۋر ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. مانا بۇ ئەنئەنىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبى ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنئەنىنىڭ ئۆزگىرىشى، كونا ئاساستا يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىش دېمەكتۇر. شۇنداقلا ئۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ماس ھالدىكى ماددىي دۇنيا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ئاڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مۇتلەق بولىدىغانلىقىنى، ئەنئەنىۋى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭمۇ مۇتلەق ئۆزگىرىش ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى شەرتسىز ئىسپاتلاپ بەردى. كىشىلەر مۇشۇ قانۇنىيەتلەرگە يېقىنمىقى كېرەككى، ئۇنى توسۇشقا ئىرادىسى ھامان كۈچسىزدۇر.

## 2

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇنىڭ «شەھەر ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» تېمىسىدىكى «كۆزىمىزدە سوغۇق نۇر»،

دىلمۇرات مەھمۇتنىڭ «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى» دېگەن ماقالىلىرى (بۇ ماقالىلەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىلى 6 ـ سانىغا بېسىلغان) ۋە ھەبىبۇللا قادىرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىلى 1 ـ سانىغا بېسىلغان «ئەخلاقنىڭ قىسمىتى ھەققىدە يېڭى تەلقىن» دېگەن ماقالىلىرى تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ ماقالىلەردە توختالغان مۇئەييەن مىللىي ئادەت كۈچلىرى بىلەن شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ھادىسىسى ۋە ئەنئەنە توغرىسىدىكى قاراشلار ھازىرمۇ ۋە كېيىنكى خېلى بىر مەزگىللىكچىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولىدىغان جىددىي ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن ئىجتىمائىي، تارىخىي مەسىلىگە چېتىلىشلىق دائىمىي مۇھىم تېما. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق خەلق ئەنئەنىلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياكى يوقىلىپ بېرىشى، زامان تەرەققىياتى مۇسابىسىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرلەرگە بولغان مۇناسىۋەتلىك پوزىتسىيەسى مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز باشتا دەپ ئۆتكەندەك، ھەر قانداق بىر مىللىي قوۋم ۋاقىت جەريانىنىڭ سىنىقى ئارقىلىقلا توغرا ۋە خاتا ئۈستىدە تونۇشنى يېڭىلاپ، ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىسلاھات نۇقتىلىرىنى بەلگىلەپ بارىدۇ. دېمەك، مىللەت مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنىڭدىكى ئەنئەنە بىلەن گەۋدىلىنىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي مىللىي ئادەت كۈچلىرى ھەم ئۇ مىللەتلەر بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ ھەقتە داۋاملىق ۋە بەلكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىستېمىلىق توختىلىش زۆرۈر بولۇپ تۇرىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇئەييەن ھالەتتە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ساپاسىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدە يېڭىچە نامايان بولىدۇ. مەسىلەن، 1980 ـ يىللارنىڭ ئالدىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئەھۋال سورىشىش سۆزى «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» ئىدى. ۋەھالەنكى، ھازىرقى زامان ياشلىرىغا بۇنداق ئەھۋال سورىشىش ئۇسۇلى غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئۆتمۈشتە ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملاشقان نامرات، قاششاق ھالەت ئەقەللىي قورساق مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ھاياتلىقتا ئۇنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالىدىغان ئەھۋال سورىشىش ھالىتى بىر تۈرلۈك مىللىي ئادەت كۈچى بولۇپ شەكىللىنىپ قېلىشى ناھايىتى ئېھتىماللىق ئىدى. مانا بۈگۈنگە كەلگەندە بىز بۇنداق ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملاشقان ئەنئەنىۋى ئەھۋال سورىشىشنى ئەمدى ئۇچرىتالمايمىز. «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» «ياخشىمۇ سىز»گە ئۆزگەردى. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى ئاڭ ئۆزگىرىشكە ئېلىپ كەلدى ۋە بۇ ئۆزگىرىش مۇقەررەر ھالدا تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىللىي ئادەت ئەنئەنىلىرىنىمۇ يېڭىلاپ باردى.

ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ھالىتىنى يېتىشتۈرۈش، ساقلاش بىر ياخشى ئەنئەنە. ئەمما ئۇنى قوللىنىشچانلىقىغا ئىگە قىلىش مۇئەييەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئاڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنى ھەممىگە داۋا بولىدىغان دورا ۋە بىر مىللەت، دۆلەتنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى دەپ، ھەممىدە قارىغۇيۇق قوللىنىۋېرىش تازا ئاقىلانىلىق بولمىسا كېرەك. جۇڭگودا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى، جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىيات دولقۇنى ئۈچۈن شەنشى ئۆلكىسى شىياڭ ناھىيەسى داجەي كوممۇنىسىنىڭ داجەي ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنى پۈتكۈل جۇڭگو يېزىلىرى ئۈچۈن ئۆگىنىدىغان شانلىق تىپ قىلىپ مەيدانغا چىقارغان ئىدى. كېيىن بۇ چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى چېن يۇڭگۇي ج ك پ 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان. 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا چېن يۇڭگۇي مۇئاۋىن زۇڭلىلىق سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ مېكسىكىغا زىيارەتكە بارغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بىز كۆرگەن كۆرۈنۈشلەردە چېن يۇڭگۇي شەنشىلىكلەرنىڭ ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى دېھقان كىيىمىنى كىيگەن، بېشىنى لۆڭگە بىلەن شەنشى دېھقانلىرىچە ئورىۋالغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇنداق شەرەپلىك ئەنئەنە بىر قىسىم جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ئېڭىدىن ئۆتمىگەن. ئۇلار جۇڭگودەك مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ھەم چالا ساۋات، ھەم بېشىغا لۆڭگە ئوراپ بىر چوڭ دۆلەتكە ۋەكىل بولۇپ چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقسا، چەت ئەللىكلەر نېمە دەپ قالار، دەپ خىجالەت بولۇشقانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان ئىدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ پىسخىكىسى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي ئادەت كۈچلىرى ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنداق ھالەت ئاشۇ «شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنە» ۋە ئاددىي ـ ساددىلىق دەۋرىدە ئومۇمەن ھەيران قالارلىق ھالەت ئەمەس ئىدى. كىشىلەر «ئەجنەبىيلەرچە» كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاش تۈگۈل، ئادەتتىكى يېڭى پاختا رەخت كىيىملەرنى كىيىپ كوچىغا چىقىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان، كىيىمى قانچە ئاددىي، كونا، ياماق بولسا ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن، ئىنقىلابىي سېزىدىغان ئۇ دەۋرلەردە كىشىلەر ماھىيىتىنى ئەنە شۇنداق ئاددىي ـ ساددىلىق ئەنئەنىلىرى ئىچىگە يوشۇرغان ئىدى. ۋەھالەنكى، مۇشۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە بۇ ئەنئەنىلەر يېڭىلاندى. بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار روھلۇق، ئەركىن ـ ئازادە، بىلىم بىلەن قوراللانغان زامانىۋى ئادەملەر قىياپىتىدە مەيدانغا چىقماقتا. مانا بۈگۈنكى جۇڭگو رەھبەرلىرى يارىشىملىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، سالاپەت بىلەن نامايان بولۇپ، كىشىلەرگە زامان يۈزلىنىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى.

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، مۇئەييەن زامان، ماكان ۋە دەۋر شارائىتىدا ئەنئەنىنى ساقلاش ئېنىق بولمىغان بىر ئابستراكت ئۇقۇم بولۇپ قالغاندا، ئاشۇنداق غەلىتىلىكلەرمۇ يوللۇق، توغرا دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر بىز ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، مەيلى خالايلى ياكى خالىمايلى، تارىخ ئەنئەنىلەرنى سەيياھ

uyghurkitap.com

سەپىرىنىڭ ئارقىسىدا قىلىنىۋاتقان يول دەپلا ھۆكۈم چىقىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز، خالاس. بىر خەلقنىڭ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردە قېنىغا سىڭىشىپ، ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ ئۆزىدىن كۆكلەپ چىققان يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن مۇقەررەركى جاھىلانە قارشىلىقى بولىدۇ. شۇڭا ئەنئەنە مەلۇم مەنىدە بىر خىل كۈچلۈك روھىي قارشىلىق كۈچ خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىللىك تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش جەريانىغا موھتاج بولىدۇ. مىسالەن: ئەمەل ـ مەنسەپ ئەزەلدىن كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەت ھادىسىسى. ئەمما ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي، شۇنداقلا قىممەت قارىشىدىكى دەۋرىيلىك پەرق تۈپەيلىدىن بۇنىڭغا تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر مەنسەپ ئۈچۈنلا مەنسەپ تۇتىدۇ، بەزىلەر بولسا سىياسىي مەقسىتى ۋە قارىشىنى ئاساس قىلىپ مەنسەپ تۇتىدۇ ياكى چېكىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ قىممەت قارىشىدا مۇئەييەن پەرق بار. «جۇڭگو تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى كېچۇ (ئەنئەنىۋى مەنسەپدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمى) ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى غەيرىيلىكتىن دېرەك بېرىدىغان يەنە بىر ئەگرى ئەنئەنە (دىلمۇرات مەھمۇت: «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007 ـ يىلى 6 ـ سان)» شۇنداق، بۇ ئەگرى ئەنئەنە ئەمەل ـ مەنسەپ بولسا ھەممە بولىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ سىڭىشىشى بىلەن ھاكىم ـ پادىشاھلارنى چەكسىز ئۇلۇغلاش، «ساداقەتمەنلىك»بىر خىل مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى سۈپىتىدە، بولۇپمۇ شەرقلىقلەرنىڭ روھىيىتىدە مۇئەييەن ئەكس ئېتىپ كەلگەن ئىدى. ئەمەل ـ ئىمتىيازنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان بۇنداق ئىجتىمائىي جەمئىيەت قارىشى مۇئەييەن مىللىي قوۋم جەمئىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىيەت قۇرۇلمىسىغا، ئۇنىڭ يۆنىلىشىگە مەلۇم مەنىدە مۇئەييەن ھەل قىلغۇچ تەسىر بېرىپ كەلمەكتە ئىدى.

روشەنكى «ئەمەل ھەممە» بولۇپ قالغاندا، دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپە ئىككىلەمچى ئورۇندىكى پارقىراق ھەلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەمەلدارلار كىرگەن چىرىكلىك، پارىخورلۇق، بۇزۇقچىلىق... ۋەھاكازا پاتقاقلارغا ئادەتتىكى كىشلەرنىڭمۇ كىرىشىگە مەجبۇر بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئەمەلگە بولغان ھېرىسمەنلىك ئۇنىڭ ماھىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى مەبۇدچىلىك ھادىسىسى كىشلەرنى مۇستەقىل تەپەككۇر، ئىنسانىي باراۋەرلىك، قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسىدىن ئايرىۋېتىدىغان، قانۇنىي ۋاستىلەرنى كۆرۈشكە توسقۇن بولىدىغان يامان سۈپەتلىك ئەنئەنىۋى ئۆسمىدۇر.

كىشلەرنىڭ زۆرۈرەن ئەركىنلىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ، مۇتلەق ساداقەتمەنلىك، بويسۇنۇشنى مۇئەييەن بىر ئېتىقادنى قاراش سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقى شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تارىختا توختاش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنىڭ مۇھىم روھىيەت ـ ئاڭ سەۋەبىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا شەرقلىقلەر بولۇپمۇ بىزنىڭ بۇ مىللىي قوۋمىمىز دۇنيا خەلقلىرى ئارىسىدا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ كېيىنكى ئاجىز قاتناشقۇچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارىختىن بۇيان ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشقان مىللىي ئادەت كۈچلىرى مەۋجۇدىيەت نۇقتىسىدا بەلگىلىگۈچى ئىستىقبال باسقۇچلىرى ئىلكىدە بولىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئەنئەنە مىللىي ئادەت كۈچلىرىمۇ زامانىمىزدا كونكرېت قاراش ۋە قايتىدىن كۆرۈپ چىقىلىپ بەلگىلىنىش جەريانىدىنمۇ مۇستەسنا بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئەنئەنە شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەن «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» قارىشىغا نىسبەتەن جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق جەمئىيىتىدە كونا ئاتنى يېڭىلاش ئىنقىلابى، مىسلىسىز ئىلمىي تەربىيە ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلۈپ كەلدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ نوپۇس قۇرۇلما ئېكولوگىيەسىنى ئىلمىي تەرتىپ ئىزىغا سېلىشتا، سەلبىي ئادەت كۈچلىرىنى ئۆزگەرتىشتە يېڭى بىر تارىخى قەدەمگە يول ئېچىش تىرىشچانلىقى ئىدى. دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ 2004 ـ يىلدىكى ئىستاتىستىكىسىدا جۇڭگودا تۇغۇلغان ئوغۇل ۋە قىز بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 100:117 بولغان (دىلمۇرات مەھمۇت «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007 ـ يىلى 6 ـ سان).

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، مۇئەييەن بىر ئەنئەنە، مۇئەييەن بىر ئاڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ھاسىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر مىللىي ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تەرىپىگە چېتىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلار ئارا بولغان ئىللىق، مۇقىم دوستانە قاراشنى تىكلەشكە پايدىلىق تەرەققىپەرۋەرلىككە ئىگە بولۇشىمۇ ياكى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان شەخسىيەتچىلىك، ۋەھشىيلىكنى ئىپادىلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى كىشلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشنى جاھىلانە داۋاملاشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇنىدىن خېلى كۆپ يىل ئىلگىرى قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇنلار تەرىپىدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئەنئەنە تۈپەيلىدىن تىرىك پېتى گېزىتكە ئوراپلا بىر چاتقاللىقتىكى ئازگاللغا تاشلىۋېتىلگەن بىر قىز بوۋاقنى بېقىۋېلىشىمىزغا توغرا كەلگەن ئىدى. بىزنى شۇ ۋاقىتتا ئەجەبلەندۈرگەن ۋە غەزەپلەندۈرگەن نەرسە شۇكى، قىزلارنى پەس كۆرۈش ئەنئەنىسى ئاشۇ بوۋاقنىڭ جەمئىيەتتە خېلى ئورنى بار بوۋىسى بىلەن مومىسى بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىنسانلىقنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قان ھەم گۆشتىن پۈتۈلگەن يۈرەك پارىسىغا ھايۋان تىپىدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان ۋەھشىيانە رەھىمسىزلىك قىلىشىغا يول ھازىرلىغان ئىدى.

مۇئەييەن بىر ئەنئەنىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مۇئەييەن ئېنىقلىقا موھتاج. بۇ مەسىلىگە يېتەكچى روللۇق زىيالىيلىرىمىزنىڭ پوزىتسىيەسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەڭ يامىنى، بىزدىكى بىر قىسىم كىشلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە ئەنئەنەپەرەسلىكنى چىڭ تۇرۇپ قوغدايدىغان جاھىلانە پوزىتسىيەسىدۇر. قانداقتۇر مىللىي ئەنئەنىلەرنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر تەرەپلىمە ئەنئەنىچىلىك قارىشى ئاخىرقى ھېسابتا قوۋم تەرەققىياتى مۇساپىسىنى تۇيۇق يولغا

كىرگۈزۈپ، تۇرغۇن ھالەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، دەۋر تەرەققىياتى بىلەن قوۋمنى ئايرىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ نەچچە ئەسىر شۇنداق بولدى. زامانىمىزدا بۇنداق ئەنئەنە قورۇقچىلىقى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. دەۋرنىڭ گۇدۇكى قۇلىقىمىز تۈۋىدە جاراڭلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەممىمىز سەممىيەت يولىنى تۇتۇشىمىز، خۇددى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن دېگەندەك «قايتا ئويلىنىش» يولىغا ئۆتۈشىمىز لازىم. ئەنئەنە ئۇ ماھىيەتتە كىشىلەر دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاياتلىق دەۋر پەللىلىرىدۇر. بىز بۇ دەۋر كىشىلىرى پەقەت ئەسلى ئەنئەنىلىرىمىز داۋامىدا يېڭى پەللىلەرگە يول ھازىرلاۋاتقان يېڭى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنىڭلا ئىگىسى بولالايمىز، خالاس.

### 3

ھازىرغىچە بىر خىل قاراشتىكىلەر ئەنئەنە مەسىلىسىدە «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدۇ» نەزەرىيەسىنى دەستەك قىلىپ چىقماقتا. ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەسمۇ؟ گۆش ھەم قاندىن تۈزۈلگەن مۇئەييەن ئاڭغا ئىگە ئىنساندا ئۆزگەرمەيدىغان ئۇ زادى قايسى ئىنسان تەبىئىتى؟ قارىغاندا، بۇ بىر ئابستراكت مەسىلىدۇر. ئىنسانلار مىليون يىللار ئىلگىرى ئىنسان بولۇپ شەكىللەنگەن ۋاقىتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەرىكەت پائالىيىتى، ئىپتىدائىي ۋە كوممۇنا دەۋرىدىكى باراۋەرلىك تەقسىمات ئېڭى ئاساسىدىكى تەبىئىتى، بىرونزا، مىس ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى ئۇرۇشقاق تەبىئىتى ۋە ھازىرقى يۈكسەك تەرەققىيات دەۋرىدىكى ھەرتەرەپتىن مۇرەككەپ ئىنسان تەبىئىتى قاتارلىقلارنى بىز ئىنسان تەبىئىتىدىكى شەخسىيەتچىلىك خاھىشى بىلەن بىرىكتۈرۈپ، پەقەت «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەستۇر» دېگەن قاراشقا مىخلىۋېتىش بىلەن ئىككىنچى بىر خىل غايىۋى مايىلانە قاراشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسان تەبىئىتىنى تۈرلۈك نۇقتىدا كۆرسىتىش مۇمكىن. شەخسىيەتچىلىك، ئىنسانىيلىق، ۋەھشىيلىك، مېھرىبانلىق، ھەسەتخورلۇق، رىقابەتچىلىك، ئىجادچانلىق، ئەمگەكچانلىق، ھۇرۇنلۇق ۋە باشقىلار. ئەگەر بىز ئادەمنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياخشى ۋە يامان تەرىپىنىڭ جۇغلانمىسى دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا دەۋرىي ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بويىچە قارىغاندا ئۇمۇ ئۆزگەرمەس، قېتىپ قالغان نەرسە بولالمايدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ئۈستىدىكى ھۆكۈمدىمۇ ئىنسانلارغا پايدىلىق ھۆكۈم يەنىلا ئۆزگىرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش. ئەكسى ھالدا، ئەگەر «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەسلىك» نەزەرىيەسى ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا قويۇلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئالەممۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس نەرسىدۇر ۋە بەلكى مەكتەپ، تەلىم-تەربىيە، جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرى، دەۋر يۈزلىنىشلىرى ھەممىسىلا ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر بولۇپ قالىدۇ. ئۆزگەرمەيدىغان ئىنسان تەبىئىتى ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ ۋە بەلكى بۈگۈنكى رەڭگارەڭ، خىلمۇ خىللىق ئىچىدىكى جۇشقۇن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بولمىغان، ئۆلۈك، ئۆزگەرمەس ئىنسان تەبىئىتى ئىچىدىكى دۇنيا ئاللىقاچان زىددىيەتسىز، بىر خىللىق ھالەت تەسۋىرى ئىچىدە تېزلا كونىراپ، گۇمران بولغان، ھاياتلىق ئاخىرلاشقان بولاتتى.

بىز كونكرېت، ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تەس بولغان ئۇقۇملارغا قارىتا ئامال بار قانۇنىيەتلىك، پايدىلىق ئامىللىرى بويىچە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە مەيلى ئۆزگىرىش پىكىر ئېقىمى بولسۇن ۋە ياكى ئۆزگەرمەسلىك پىكىر ئېقىمى بولسۇن، ھەممىسىلا جەمئىيەتتىكى مۇئەييەن خاھىش ئۈچۈن نەزەرىيەۋى ئاساس سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۆزگەرمەسلىك قارىشى بۇ يەنىلا ئەسلىيەتچىلىك ياكى ئەنئەنىچىلىكنى جاھىلانە ساقلاپ قېلىش ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئېقىمدىكىلەر «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەستۇر، شۇڭا شەرىئەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ قىلچە ئورنى يوق» دەپ قارايتتى. «شۇنداق ئىكەن، ئەنئەنىۋى ئېقىمغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەققىدە ئويلىنىش ئەسلىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.» (دىلمۇرات مەھمۇت: «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 2007-يىلى 6-سان)

روشەنكى، زامانىمىزدا دەۋر تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت بىلەن باغلانغان جىددىي مۇناسىۋەتلىك دائىمىي مەسىلىلەر داۋامەن مىللىي ئادەت كۈچلىرى ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە ھالدا بۇ ئامىللار قوۋمنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىدە پاسسىپ ئورۇن ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، زامان تەقەززاسىغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ كەلدى. ۋىلىيام ھونتى گومرى «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەي كەلدى دېسەكمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنلارمۇ ئۆزگىرىش كېرەك. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ قارىشى ئۇلارنى تېخنىكا ئىلغارلىقلىرى ئېلىپ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قارىغۇ قىلىپ قويدى» دەيدۇ. (دىلمۇرات مەھمۇت: «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 2007-يىلى 6-سان).

تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرتكۈچىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن دۇنيا، ئۆزگىرىش مۇتلەق بولۇپ كەلگەن دۇنيا. ۋەھالەنكى بىزنىڭ روھىيىتىمىز ئاشۇ «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەستۇر» دېگەن قاراشنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا ياخشىراق جەمئىيەت شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە بولغان ئىشەنچ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن، «بۇ خىل ئەنئەنىلەر كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىن ئورۇن ئېلىپ كەتكەن ئەھۋالدا بۇنى يۇيۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلاردەك زور پىداكارلىق كۆرسەتمەي بولمايدۇ.» (دىلمۇرات مەھمۇت: «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 2007-يىلى 6-سان)

دەرۋەقە، ئەنئەنىنىڭ بىز مۇشۇ يىللاردا دۇچ كېلىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

قەد كۆتۈرۈش مەسىلىسنى چۆرىدىگەن ھالدىكى، ئەنئەنە ۋە مىللىي ئادەت كۈچلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەلگىلىگۈچى قاراشلار، پىكىردىكى ئىختىلاپلار ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆزلۈك قاراشلارنىڭ ئۇچ ـ يورۇقلۇق بىلەن مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقى، بىزنىڭ بۇ مەسىلىدە مۇشۇ بىر جەريان پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىگىمىزدا توغرا يەكۈننى تىكلىۋېلىشىمىزغا پايدىلىق. ئەلۋەتتە، مىللىي ئادەت كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىلا توسقۇنلۇقنىڭ مەنبەسى ئەمەس. بىز مەڭگۈ ساقلاشقا تېگىشلىك جەڭگىۋار گېنىمىز، شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىمىز، تۆرگۈن روھىمىز، ئۇنتۇلۇشقا، سۇسلىششقا قاراپ ماڭماسلىقى كېرەك.

دۇنيادا ئاساسىي مىللىي خاسلىقنىڭ يوقىلىشى مىللەتنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىزنىڭ مىللىي ئادەت كۈچلىرىمىز، ئەنئەنىلىرىمىز قوۋۇم تەرەققىياتىغا، زامان كۈچلىنىشىگە زىتلا بولمايدىكەن، ئۇ ھامان قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھالىتىدىكى ئاكتىپلىققا ئىگە مىللىي روھقا تۆرتكە بولىدىغان شەيئى بولىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىگە تۇتىدىغان ئۆلچەملىك پوزىتسىيەمىز.

بىزنىڭ ئۆزگىرىش كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ دېگەن ئەنئەنىلىرىمىز تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدىكى پاسسىپ نەرسىلەردۇر. بىزدەك سانائەتلەشمىگەن خەلقلەرنىڭ بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يولىمىز تېخى ئۇزۇن. بىز ھازىر يەنىلا يۈگۈرۈش پەللىسىنىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ ھالەت باشقىلار ئاللىقاچان يېڭىلىغان نەرسىلەرنىڭ بىزدە تېخى شۇ پېتىچىلا، ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بىز ئەنئەنە ۋە مىللىي ئادەت كۈچلىرى دېگەن بۇ ئاتالغۇنى مۇئەييەن زامان، ماكان، ۋاقىت ۋە دەۋردە شەكىللەنگەن ھاسىلات دەپ چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر مۇئەييەن باسقۇچىدا ھامان يېڭىلىنىشى مۇقەررەر دېگەن تونۇشقا كېلىدىغانلىقىمىزنى ئىنكار قىلالمايمىز. بۇ يەردە گەپ، بىزنىڭ ئۆزگىرىشنىڭ مۇتلەق بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش جۈرئىتىمىزدە.

ئىجتىمائىي جەمئىيەت مۇھىتىنىڭ يېڭىلىنىشى، كىشىلەرنىڭ جاھىلانە ساقلاش ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا تەبىئىي شەكىلدە مىللىي ئادەت كۈچلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ توسۇپ قالالمايدىغان كۈچ دەۋرنىڭ كۈچى، دەۋرنىڭ روھى. بۇ كۈچنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ قېلىش روشەنكى ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىش دېمەكتۇر.

ئەنئەنە ۋە مىللىي ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلەرنى مۇنداق قائىدىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، «سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش» مۇقەررەركى تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش نۆۋىتىدە يەنە ئەسلىي شەيئىلەر ئۈستىدىكى تونۇشنى يېڭىلاپ، ئاڭ ئۆزگىرىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ئىنسان تەبىئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ئەگەر «ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەستۇر» دېيىلسە، بىزدە پەقەت بىرلا تەبىئەت ئۆزگەرمەي كەلدى. ئۇ بولسىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن مېھرىبانلىقتۇر.

بىز ئىنسانلارمۇ بىر خىل جانلىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن جانسىز ئۆسۈملۈك تۈرىدىكىلەرنى، يەنى كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق ئۆسۈملۈك تۈرىدىكىلەرنى ئىستېمال قىلىمىز. يەنە بەزى گۆشخور ھايۋانلارغا ئوخشاش، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئاشۇرۇپ كالا، قوي، ئات، بېلىق، كەپتەر، ۋەھاكازالارنى يەيمىز. ئوزۇقلۇق زەنجىرى ئىچىدىكى بارلىق جانلىق ئىچىدە پەقەت ئىنسانلارلا ئەڭ ۋەھشىي تەبىئەتنى يېتىلدۇرگەن. جانلىق، جانسىز ھەممىلا نەرسىنى يېيىش، مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ۋەھشىيلىك دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغان ئەنئەنىۋى ئۆزگەرمەي كەلگەن ئىنسان تەبىئىتىدۇر. ھەتتا ۋەھشىي بۆرىمۇ ئۆزىنىڭ بۆرە تېپىنى يېمەيدۇ، ئوتخور ھايۋانلارمۇ ئۆزىنىڭ تېپىنى يېمەيدۇ، ئەمما ئىنسانلار ئىچىدە ھەتتا ئۆزىدەك ئىنسانلارنى يېيىشكىچە بېرىپ يەتكەنلەرمۇ يوق ئەمەس. بىز بىر گېزىت خەۋىرىدىن ئافرىقىدا مۇكاسسا ئىسىملىك بىر رەئىس جۇمھۇرنىڭ داۋاملىق ئادەم گۆشىنى يېگەنلىكىنى، كېيىن پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ياۋروپادا بىر دوختۇرنىڭ ئادەم گۆشىنى يەپ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى، «سۇ بويىدا» تېلېۋىزىيە فىلىمىدىمۇ ئادەم گۆشىنى يېيىش كۆرۈنۈشىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا كومپيۇتېر ئېكرانىدىمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ نارەسىدە بوۋاقلارنى پىشۇرۇپ يەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، كۆردۇق. بۇلغۇن تېرىسىنى زىيادە قىلماي چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي، تىرىك تۇرغۇزۇپلا تېرىسىنى سويۇپ ئېلىۋاتقانلىقىنى، جېنى قىينىلىپ كەتكەن ئۇ بىچارە ھايۋانلارنىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرىدىن ياشلارنىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقانلىقىدەك ھالەتنى كۆرىمىز. بۇ يەردە بىز يەر، زېمىن مال ـ دۇنيا تالىشىپ ئىنسانلار ئارا بولغان قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى دېمەيلا قويايلى. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى ۋەھشىيلىك بولماي نېمە؟!

ئىنسانلارنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلىشى، ئىنسانىي ياشاش يولىغا تاشلىغان مۇھىم مەدەنىيەت قەدىمى ئىدى. بۇ ھەقتە «ئىلىئادا»دا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەھىمدىل پىرومېتى ئەرشئالەمدىن ئوتنى ئوغرىلاپ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارغا ئەكىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن تەڭرىلەر ئاتىسى زېئۇسنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ پىرومېتىنى پولات ئارغامچا بىلەن كاسپى دېڭىزى بويىدىكى بىر تىك خادا تاشقا باغلايدۇ ۋە ھەر كۈنى ۋەھشىي تۆمۈر تۇمشۇقنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى چوقۇلتىپ جازالايدۇ. ئەمما پىرومېتى ئىنسانلارغا بولغان چەكسىز مېھرىبانلىقى بىلەن بۇ جازالارغا ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ. يۇقىرىقىلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى مانا مۇشۇنداق ۋەھشىيلىك بىلەن مېھرىبانلىقنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئەمما بۇ ھەممىلا ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، بىز ئۇنى يەنىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

دەۋر باسقۇچلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە كىشىلەر

خاھىشغا ماسلىشىدىغان ئەڭ يېڭى جەمئىيەت شەكلىگە قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان دەۋردە يەنىلا «ئۆزگىرىش» نەزەرىيەسىنى تۇتقا قىلماي بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئەنئەنىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشقا «بىر نۇقتا ئەتراپىدا ئايلىنىش پىكىرلەر ئۆربىتىسى» نۇقتىئىنەزىرىنى قوۋمغا نىسبەتەن خەتەرلىك، پاسسىپ، تۇرغۇنلۇق قارىشى، دېدۇق. «ئاسمان جىسىملىرى، يەرشارى ۋە ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تۆت مىليارد يىلدىن ئالتە مىليارد يىللار ئىلگىرى ئالەم چوڭ تۇمانلىق پارتلاشتا بارلىققا كەلگەن، بۇ كانتنىڭ تۇمانلىق «پارتلاش نەزەرىيەسى» ئىدى. بۇ ھەقتە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى باشقىچە قاراشلارمۇ بار. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالەمنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن باشلىنىش نۇقتىسى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ھامان ئاياغلىشىش چېكى بولىدۇ. ئالەمنىڭ، جۈملىدىن بىز ياشاۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايۋاتقان، ئالىملارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلىمايۋاتقان زادى كىم بار؟ دېمەك، ئۆزگەرمەسلىك نەزەرىيەسى، ئەسلىگە قايتىش پىكىر ئېقىمى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زامانىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى ئىدىيەۋى ئاڭ مەنبەسى.

ئەنئەنە مۇئەييەن تارىخىي دەۋرلەردە مىللەت تەبىئىي ھالىتى ئاساسىدا شەكىللىنىپ، بارا-بارا ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا خاس ھالدا تۇراقلىنىپ، ئومۇملىشىپ، داۋاملىشىپ مىللىي ئىجتىمائىي جەمئىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ھالقىسىدا ئەكس ئېتىدۇ. كىشىلەر شۇ ئەنئەنىنىڭ ئىلكىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت تۇرمۇش ئەنئەنىسى، ئىجتىمائىي ئالاقە ئەنئەنىلىرى، تۇرمۇش يوسۇنلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى، ۋەھاكازالار. ئەمما يۇقىرىقى ئەنئەنىلەر مەزمۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. «توي» دېگەن بۇ ئەنئەنىۋى ئۇقۇم ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كەلدى، ئەمما، ئۇنىڭ تارىختا شەكىللىنىپ قالغان ئادەت شەكىللىرىدە ئۆزگىرىش بولدى ھەم بولۇۋاتىدۇ. بەزى يەرلەردە بىر قىسىم رەسمىيەتلەر ئاددىيلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم يېڭى پەيدا بولغان ھەشەمەتچىلىكلەرگە چەك قويۇلۇۋاتىدۇ. دېمەكچىمىزكى، دەۋر رىتىمى نەتىجىسىدە پەقەت بۇ ئەنئەنىنىڭ شەكلىدە ئۆزگىرىش بولدى، خالاس.

ئەنئەنە بىر قوۋمغا، بىر ئەلگە نىسبەتەن مۇئەييەن نوپۇز پرىنسىپىغا ئىگە، ئۇنىڭ ھاياتچانلىق تەرىپى ئەڭ ماھىيەتلىك نوپۇزدۇر. تەرەققىيات مۇساپىسىدا كىشىلەر ۋاقىتتا ئۇتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن توسقۇن بولۇۋاتقان ئادەت كۈچلىرىگە قارىتا دەۋرلىك شاللاش ئېلىپ بارىدۇ. بولمىسا شۇ ئىنسان، شۇ قوۋمنىڭ ئۆزى دەۋرنىڭ شاللىۋېتىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. كىشىلەر ئەنئەنىنىڭ ئىلغار، ئاكتىپچانلىقىدا ياتىدىغان ياكى تۇرغۇن، پاسسىپچانلىقىدا مايىل ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا يەنىلا دەۋرداش باشقىلارغا سېلىشتۇرما قىلىپ ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بۇ بىردىنبىر توغرا، ھەققانىي باھاغا ئىگە قىلىش ئۇسۇلىدۇر. شۇندىلا بىز توغرا ياكى خاتاغا ياتىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇئەييەنلەشمە ئېتىراپقا ئىگە بولىمىز.

بىزدە بىر قىسىم كىشىلەر ھەدېسىلا ئۆزىنى ئەيىبلەشنى، «بىز تولىمۇ ئۇسال خەق ئىكەنمىز» دېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ، روشەنكى بىزدىكى بىر قىسىم ناچار مىللىي ئادەت كۈچىنىڭ كىشىلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە توسالغۇ بولغانلىقىدىن، ئۆز قوۋمغا بولغان ئۈمىدسىز قارىشىدىن پەيدا بولغان بىر تۈرلۈك قارىشىدۇر. چۈنكى، ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلغان ئەنئەنىلەر ساقلاپ قېلىنسا، قوۋم روھىيىتىنى ئىچىدىن يەپ چىرىتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە قوۋمنى ئۈمىدسىزلىككە، چۈشكۈنلۈككە مەھكۇم قىلىپ جەڭگىۋار خىسلىتىدىن ئايرىۋېتىدۇ، مانا بۇ ئەنئەنىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالمىغانلىقى پەيدا قىلغان قوۋم ئۇقۇمىدۇر.

كىمدۇر بىرى «ئەنئەنە تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان دۇمباققا ئوخشايدۇ. دۇمباق كونىراپ، ئاۋازى يېقىمسىزلانغاندا، يېڭى، تېخىمۇ ساز دۇمباققا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئىش مانا شۇنداق ئاددىي» دېگەن ئىدى. دۇمباق ئۇرۇلغاندا مۇئەييەن قارشىلىق كۈچ ھاسىل بولىدۇ، ئەنئەنىمۇ ئوخشاشلا مەلۇم مەنىدە بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي قارشىلىق كۈچتۇر. بىز سەل قارىيالمايمىزكى، بولۇپمۇ مىللەت ۋۇجۇدىغا سىڭىشكەن ئېتىقاد، ئەنئەنىلەردە ئەگەر ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بىردەكلىككە ئېرىشىلمىسە مەسىلەن، تاھارەتنى جەينەككىچە ئېلىش كېرەكمۇ ياكى بىلەككىچىمۇ دېگەندەك مەسىلىلەرمۇ قوۋم جامائىتى ۋە ياكى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي توپ ئارىسىدا تۈگىمەس تالاش، ئازارلىق، ھەتتا، تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىلىدىغان ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بىر قىسىم مىللىي ئادەت كۈچى بىر تۈرلۈك تارىخىي مىللىي ئەنئەنە سۈپىتىدە ئۇزاق داۋاملىشىش نەتىجىسىدە باشقا قوۋم ياكى كىشىلەر قوبۇل قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرنى كىشىلەرگە يوللۇق نەرسە سۈپىتىدە تاڭىدۇ. بەزى كىشىلەر زوراۋانلىق خاھىشىنى ئەنئەنىۋى كۈچ دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى بىر ئۆزگەرمەس ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇش خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ. دۇنيا، ئېقىم، ھەققانىيەت، باراۋەرلىك، كىشىلىك ئىززەت-ھۆرمەت، ۋەھاكازا ئىنسانىي پرىنسىپلار ئۇلار ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس، بۇنداق خاھىش كۆپلىگەن كىشىنى تەرەققىيات، ئىنسانىي ياشاش پرىنسىپىدىن مەھرۇم قىلىۋەتتى. ئۆتمۈشتە چارپادىشاھ رۇسىيەسىدە، ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە، چىڭ سۇلالىسى ۋە جياڭ جېيشى ھۆكۈمرانلىقىدىكى كونا جۇڭگودا شۇنداق بولغان ئىدى. مەسىلەن، بەزى خەلقلەردىكى ناچار تازىلىق ئادەتلىرى باشقا خەلقلەرگە تولىمۇ يات، يىرگىنچلىك تۇيۇلغىنى بىلەن، شۇ خەلق تۇرمۇشىدا ئۇزۇن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەتلەر بولغاچقا ئۆزلىرىگە ئانچە بىلىنىپ

كەتمەيدۇ. ئالايلۇق، كىشىلەر مىڭۋاتقان يولغا يۇندى تۆكۈش، كىشىلەر يېنىدا قالايمىقان تۈكۈرۈش ۋە مىشقىرىش، ئۇسۇرۇش ۋەھاكازالار، ئەلۋەتتە كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان بۇ ئادەت كۆچلىرى ھازىر ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭدا مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەشۋىقىي تەربىيەنىڭ رولى چوڭ بولماقتا. ئەگەر بۇ ئەنئەنىلەر ئۆزگەرمىسە، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەكمۇ باشقىلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

پارىخورلۇقمۇ، پارا بېرىشمۇ ئۆتمۈشتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يامان سۈپەتلىك ئەنئەنە. ئەمەلدار پارىخورلۇقنى باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈكىنىڭ بەلگىسى، يوللۇق ئىش دەپ قارىسا، پارا بەرگۈچى ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ۋىجدان ۋە غۇرۇر نۇقتىسىدىن ھېس قىلمايدۇ. ئۇنى تەبىئىي ھادىسە، دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىرى يەنە بىرىگە تاماكا تۇتسا، تاماكا تۇتۇلغۇچى ئۇنى بىر ھۆرمەت دەپ قارايدۇ. بۇ كۆڭۈزنىڭ پۇقرالارنىڭ پادىشاھ، ۋەزىرلەرگە سادىق بولۇش تەربىيە ـ تەلىماتلىرىنىڭ شەرقلىقلەرگە بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

كۆڭۈزنىڭ «ئەمەلدار مىسالى بىر شامال، پۇقرا مىسالى بىر قومۇش، شامال قاياققا چىقسا قومۇش شۇ ياققا يەلپۈنەر» دېگەن شېئىرى بۇنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بەزى كىشىلەر كەڭ قورساق، يىراقنى كۆرەر، ئومۇمىيلىق قارىشى كۈچلۈك، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەتكە ئىگە. ئۇلار سەممىي، راستچىل، باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئەقىل بايلىقىنى ئاسراش، ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن قاراپ، پايدىلىنىش قىممىتى بويىچە قەدىرلەيدىغان، ئاشۇ ئاساستا يېڭىدىن ـ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇنى بىر ياخشى ئەنئەنە سۈپىتىدە دۇنيادا نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنداقلار ھىيلە ـ مىكىردىن نىسبەتەن يىراق، تۈز ۋە ئىقتىدارنى مەيلى كىمنىڭ بولمىسۇن جارى قىلدۇرۇش روھىغا باي، ئاقىلانە كېلىدۇ.

گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا ئىرقچىلىق ئەنئەنىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كۆپلىگەن يەھۇدىيلەرگە زىيانكەشلىك قىلغاچقا، ئېينشتېين، مەتىناغا ئوخشاش ئاتوم يادروسى فىزىكا ئالىملىرىنى ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېلىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۆز دۆلىتىدە ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن كەڭرى ئىمكانىيەت ھازىرلاپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز خىزمەت قىلدۇرۇپ پايدىلاندى. بۇ ئىشتا گىتلېرنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەقدىرىنى مۆلچەرلەپ بولمايدۇ. ئىرقچىلىق، كۆزى كىچىكلىك، نەزەر دائىرىسى تار، ھەر قانداق بىر خەلقنىڭ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كەڭ قورساق، ئاقىلانە قوۋم كىشىلىرى قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئويلايدۇ. توت ئوكيان، ئۇنلىغان دېڭىزنىڭ نېرىسىدا بولسىمۇ ئامال بار قەدىرلەپ، جەلپ قىلىپ ئەكېلىپ ئىشلىتىدۇ. «سىزنىڭ ئورنىڭىز ئۆيىڭىز تۆرىدە، پۇتىڭىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئەركىن ئولتۇرۇڭ، ھەرگىز قورۇنماڭ، بۇ دېگەن سىزنىڭ ئۆيىڭىز، سىزگە نېمە كېرەك؟ مانا ھەممە نەرسە» دەپ داستىخاننى كەڭ يايىدۇ. يەنە نېمە كەم؟ مانا دەپتەر دەپ ئالدىغا زۆرۈرىيەت دەپتىرىنى قويىدۇ. «ھەي ئانا، ھەي جېك، بۇ ئالىمنىڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ھازىرلاپ خىزمىتىدە بولۇڭلار»، دەپ تاپىلايدۇ. «ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا، يۇرت قوۋمىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار ئۈچۈن مانا بىز بار. سىز مەڭگۈ خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭ، ئۆگىنىۋېرىڭ، سىزنىڭ ئەمگىكىڭىز ئۆزىڭىزگە، بىزگە ۋە دۇنياغا مەنسۇپ، شۇڭا سىز جاھاننىڭ سەھنىسىگە خاتىرجەم چىقىۋېرىڭ، بىز بۇنىڭغا شەرتسىز كېپىل» دەيدۇ.

ئەزەلدىن ئەمەل ـ مەنسەپنىلا، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان يەنە بىر قىسىم ھەسەتخور كىشىلەر بولسا «توختىغىنا، ئۇ مېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمىسۇن، كەچتە ماڭىدىغان يولغا ئورا كولاپ قويايلى»، «ھەي سوپەك، ئال قولۇڭغا گۈرجەك، تۇيدۇرماي كولا ئورەك»، «خەنجەر تەييارلا، يېڭىگە يوشۇر، ماراپ تۇرۇپ گەجگىسىگە ئۇر» دەيدۇ ـ دە، بىر تالانتنىڭ نابۇت بولۇشى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيا ئۈچۈنمۇ بىر چوڭ يوقىتىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويمايدۇ. مانا بۇ يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قان ـ قېنىدا داۋاملىشىپ كەلگەن پاسىق ئەنئەنىدۇر. بۇنداق تۇيۇق نەزەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ پەيلى خۇسۇسىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ئۆزلىرىگە مەغلۇبىيەت يولى راسلىماي قويمايدۇ.

ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق ھادىسىلىرى كۆنسېرى ئەۋج ئېلىپ ھەتتا تەشكىلىي ئورۇنلارغىچە ئومۇملاشسا ھەققىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ يۇقىرىنىڭ كۆزىنى بوياۋاتسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر بىلىپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىۋالسا، روشەنكى بۇ ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ يېڭى بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىدۇ.

بىز ئەنئەنە ۋە مىللىي ئادەت كۈچى مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تۇتقا قىلىپ، مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، يەنە مۇنۇ نۇقتىدىن چەتنىيەلمەيمىز. نامراتلىق، قاششاقلىقنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى، بىر قوۋم روھىيىتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان تۈپكى مەنبەدۇر. ئۇ غۇرۇر، ۋىجدان، جەڭگىۋارلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىي شەرەپ ئەنئەنىلىرىنىڭ كۇشەندىسىدۇر. ئىجابىي ئەنئەنىلەرنىڭ داۋاملىشىشى ۋە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ بېرىشى ئاڭدىكى ئۆزگىرىش بىلەن ئوك تاناسىپ تۈزىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتتىكى يۈكسىلىش ھەممىنى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ئەنئەنە ماددىي ئاساسنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئەنئەنە ئۆزگىرىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىدۇر.

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر باھار كوچا 3 ـ يان كوچا 62 ـ قورۇدا

www.uyghurkitap.com




## ئىككى رىۋايەت

**بۇغدا ئابدۇللا**

### جولپان يۇلتۇز ھەققىدە رىۋايەت

قەدىم ئەييامدا
بىر خانقىز بولمىش لۇكچۇن سايىندا،
ئىزدەر ئىمىش بىر بوز يىگىتنى،
كېچىلەر ئويقۇ يوق ئەپسۇن ئەتكەندەك،
دەردلىك ئۆتەرمىش، نەكۆڭۈل شادى،
شۇ ئوردا چۆرىسى ئالەمدە يوق باغ،
ھەرىلەر غۇڭۇلدار ئۆرۈك پىشقاندا،
ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر يوقسۇل يىگىت
گاھدا سالقىنلار سايىغا كېلىپ،
بىر كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىپ تامام
كۈندىن ـ كۈن ھال بەتتەر شۇ پەرىشاندا.
«نە بولغاي چۈشۈمدە كۆرسەم» دەر ئىمىش،
كۆز ياشلىرى سەل، قالمىش قىياندا.
بىر كۈنى باغ ئارىلاپ كەلمىش شۇ يىگىت،
تۆكۈلمىش ئۆرۈكلەر، يەيمىش پۇۋلەپ،
كۆرۈپ قىز ئاغزىغا كەلمىش سىرىق سۇ،
دەرلەركى: يېمىگەن تەھقىق ئارماندا.
كەچقۇرۇن چىقمىشتۇر بىر يان ئىشىكتىن،
ئۆرۈكچا چېچىلىپ قالمىش ھەريانداا.
ۋىسال قول سۇنۇپ بولماس ئېگىز شاخ،
كۆڭلىدە مېغىز چاق دەرمىش ۋەسۋەسە،
كۆزنى بىر يۇمۇپ قىلمىش تەۋەككۇل.
بىر ياقتىن چاقارمىش، بىر ياقتىن يەيمىش،
دەرمىش: بۇ قانداق لەززەت چاكىلدىغاندا.
كۈنلەر ئۆتكەنمىش بىر شېرىن ئايدەك،
كېيىن كېلەرنى كىم بىلگەي ئەۋۋەل
باغرىدا بىر نەسل مىدىرلىغاندا.
تېخى چاچلىق بىر قىز، ھامىلدار، نەگەپ،
كىمگە قانداق ئېيتقاي ، كىمدىن كۆرگۈلۈك،
يۈرەك لەختە ـ لەختە،
دۇنيا ھارام، پىتنە، غوۋغا ھالسىراتقاندا.
مالامەت زەخمى،
يالۋۇرمىش قۇتقۇز دەپ قۇتقۇز،
ئەرزىگە يېتەرگە ئاھى،
تىلىكى ئىجابەت بولمىشتۇر بىر كۈن
ئىلاھىي بىر شامال كۆكسىدە.
ئۇچۇبان، ئۇچۇبان بۇرۇجقا يەتمىش،
ئۇھ دەرمىش، كۆك قەسرىدە چولپان بولغاندا!

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۆزۈم ھەققىدە رىۋايەت

I

مۇشۇ يۇرتتا بۇرۇنىسىدا،
ئىككى تاغ ئارىسىدا،
توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىز،
ئۆگەي ئانا قاقشىتىپ،
كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكى،
بۇ تەلەينىڭ كاجلىقى،
كۈندە جىگدە قايىنتىپ،
كىمگە بارسۇن ھال ئېيتىپ؟

II

قىزلار ئىچىدە بىر قىز،
تۇندە ياتسا ئۇيقۇسىز،
مەككار ئۆگەي ئانىسى،
ئەقلى يوق شۇ ئاتىسى،
كۇسۇرلىشىپ كەتكەنمىش،
بىر مەسلىھەت ئەتكەنمىش:
بېشىمىزدا توي قەرزى،
لايىق ئىزدەپ يۈرگىچە،
ئىش تۈتىمامدۇق باشقىچە،
ئاكا بولسا نىم بوپتۇ؟
سىڭىل بولسا نىم بوپتۇ؟
چېتىپ قويساق بولمامدۇ،
بېشىمىز ساق بولمامدۇ؟!
بۇ گەپلەر بىز ئۇچۇنمۇ،
ئۇڭۇمۇ يا چۇشۇمۇ؟
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
جاننى نەگە ئالغۇلۇق؟
قىز غەزەپتە ئاھ ئېتەر:
(تولغىنىپ پەرياد ئېتەر)
توشقان ئۆلەر قومۇشتىن،
ئادەم ئۆلەر نومۇستىن،
تىرىكمىنى قېنى كۆر،
ئۆلۈكۈمنى قېنى كۆر.

III

يۈرەكتە ياش ئاققۇزۇپ،
تاڭنى ئاران ئاتقۇزۇپ.
نەگە دېسە ئاپىسى،
جىگدە تېرىپ كېلەي دەپ،
ئىنىم ھەمراھ بولغاي دەپ،
ئىككىلىسى يول يۈرۈپ،
يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ،
بىر يەرگە كېپ قارىسا،
كەلگىنىگە يارىشا،
ئالدىدا چوڭ جىگدىلىك،
يۈرەككە تەگكۈدەك پىشىپ،
قانغۇچە ئال دېيىشىپ.
قىز توختاپتۇ: ھەي ئىنىم،
سەن گېپىمنى ئاڭلا جىم،
مەن سىلكىسەم ئۈستىدىن،
سەن تېرىپ ئال ئاستىدىن،
شۇنداق گەپنى دېگەنچە،
مايمۇندەك ياماشقانچە،
ئۆتۈكنى يەشكەنچە،
بىر تال شاخقا ئاسقانچە،
قاچقانمىش شۇ قاچقانچە...
شامال گۈركىرەپ تۇرغان،
ئۆتۈك لەپەڭشىپ تۇرغان،
جىگدە تۆكۈلۈپ تۇرغان،
بەخىرامان ئۇ بالا
ئاچام بار دەپ، غەم قىلماي،
تېرىۋەرگەن پەم قىلماي.
قىزنىڭ بېشى چۆرگىلەپ،
يۈگرە ـ يۈگرە ھەسرەپ،
قايغۇ ـ ئەلەم بېشىدا،
مۇشۇ ئون ئۈچ يېشىدا،
ماڭسا، ماڭسا يول تۈگەپ،
پۇتلىرىدا جان تۈگەپ،
شۇندىن سوڭرە دېگەنمىش:
رەھمى قىل تاغ، ئاجىزمەن،
دىل رەنجىدە بىر قىزمەن.
مەن باغرىڭغا كىرمەكچى،
بولساڭ پاناھ، يۆلەكچى.
شۇنداققىنا دېگەندە
گۈلدۈرلەپ تاغ سىلكىنىپ،
ئىككى بۆلەك يېرىلىپ،
قىز كۆزىگە ئىشەنمەس،
نە بولغاننى چۈشەنمەس.
ئىمىش شۇنداق بىر دۇنيا،
بىر ئېرىقتا ھەسلى،
بىر ئېرىقتا كەۋسىرى.
تاشلىرى گۆھەردىنمىش،
قەلئەلىرى زەردىنمىش،

شۇندا بىر قۇش غايىبتىن،
دەپتۇ قىزغا توساتتىن:
بىر مېۋە بار شەربەتلىك،
يېمىگەنلەر ھەسرەتلىك،
مەيلىڭ بولسا كۆرۈپ باق،
تەمىنى بىر تېتىپ باق.
نە گەپتۇر دەپ تېڭىرقاپ،
بىر ساپ ئۈزگەن ئېچىرقاپ،
شۇنداق يېسە شەربىتى،
تىلدا قاپتۇ لەززىتى.
شۇ چاغ خىيال ئەيلەپتۇ:
ئىنىم ئاندا يۈرگەندۇر،
ئەنسىرەپ نە دېگەندۇر.
بىر كۈن بولدى ئاۋارە،
ئاچ قالدى شۇ بىچارە،
دەپتۇ ئىچىدە ئاتاپ،
بىر ساپ ئۈزۈپ ئاستىلاپ،
كۆتۈرگەنمىش قۇش قوللاپ،
تىلسىم تاغدىن ئايرىلىپ،
ساي-جىرادىن قايرىلىپ،
مېڭىپ يەنە مېڭىپتۇ،
ئاشۇ شىلدىر-شېكەردىن
بىر قىسمى ئېپىن بوپتۇ،
ندچچە تال چۈشۈپ قاپتۇ...

IV

شۇ چاغدىن بۇ چاغقىچە،
قانچە جاھان ئۆتكەنمىش،
قانچە تىلدىك ئاققانمىش...
ئۇنتۇلغاننى يەر بىلەر،
ھەر تۆھپىنى ئەل بىلەر،
شۇ قىز ئىمىش سىدۋەبكار،
بۇ ئارادا ئۈزۈمتال،
شۇندىن بىنا بولغانمىش...

V

دېيىشىدۇ تۇرپاندا،
بىر دەز بارمىش چالقاندا،
چىقىپ تۇرارمىش ھىلى،
بىر تۇتام قىز كوكۇلى...

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى

# شېئىرلار

## ئابدۇقادىر جالالىددىن

### تاش پەلسەپىسى

بارچە پەلسەپە
يەتمەيدىكەن تاشنىڭ سۈكۈتىگە
پەيلاسوپ ئۆلسە
تاش قالىدىكەن شۇ پېتى.

بايراقلار
سۇلالىلەر
جەڭنامىلەر
نەيرەڭۋاز توختامنامىلەر
ياشايدىكەن تاشنىڭ گۇۋاھلىقىدا
ئۆلىدىكەن تاشنىڭ مەزمۇتلۇقىدا
تاش
مەسخىرىدىن خالىي ھالدا
كۆزمونچاق بولۇپ ۋاقتقا
ياشايدىكەن ئاپتاپتا
سۇ ئاستىدا
قۇش سايرىشىدۇ

قارنىڭ يازدىكى چۈشىدە
قىزنىڭ نازۇك بىلىكىدە.
تاش
بىر نۇقتىدىكى تارازا چوكىسىدا
كۆرەلمەيمىز تارازىچىنى.
تاش
تەقدىرنىڭ
ھېسسىياتتىن خالىي يۈرىكى
ياكى
چاچراپ چىققان كۆزى ئۆلۈكلەرنىڭ.

تاش
كۆرۈپ تۇرىدۇ پانىيەتنى
ياكى مەڭگۈلۈكنىڭ نەزىرىدە
باھالايدۇ ئىنسانىيەتنى.

بىدئەت ئىلاھلار
داھىيلار
قەھرىمانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەشۋىقاتلار

تاش شەكلىدە سۆزلىشىدۇ تىرىكلەر بىلەن
لېكىن، تاش
ئۆز ماھىيىتىنى
يارىتىدۇ دەريا بويىدا
بىزدىن يىراق تاغلار باغرىدا.
ۋاقىت ئۇچقۇر تاش
تاش قاتقان ۋاقىت
تاشلار
تۈنەك ئۆرلىگەن
ئوتلار يامرىغان
يېتىملار
بومبىلاردا ئۆلتۈرۈپ يىغلىغان
شاۋقۇنلۇق زامانغا
سۈكۈت تىلى بىلەن بولىدۇ سىرداش.

ھەققەت

شۇ قەدەر سالماقكى جاۋاب بېرىشتە
چارچاپ كەتتىم كۈتۈپ شۇ پەيتنى
مەن
سەپسەتىنىڭ غالىبلىقىدا
ناكەسلەرنىڭ كۆرەڭلىكىدە
بىلىملىكلەرنىڭ نادانلىقىدا
ئۆچكەن گۈلخانلارنىڭ كۈلى ئالدىدا
ئۆگەنسەم بولاتتى تاشلاردىن
تاشتەك قاتقان پېتى جىم تۇرۇشنى
ۋە يەنە ئاخىرى غالىب بولۇشنى.

تاش

يۈلتۈزدەك قاناپ تۇرغان يۈرىكىم بىلەن
بىلسەم ئىدىم ۋايىسماي قاراپ تۇرۇشنى
ئىلاھىي ھېكمەت بىلەن سۇغىرىلغان
ئىبراھىمنىڭ پىچىقى ئالدىدا
بىلسەم ئىدىم قايسى چاغدا پارە بولۇشنى.

تاش

سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭدە تاش
سەن ھەمىشە تاشلىقىڭدا
كۆيدۈرسە كۆيسەن قاتتىقلىقىڭدا
غالىبسەن ئاخىرى جىمجىتلىقىڭدا
داۋراڭسىز مېھىر بار سېنىڭ قېنىڭدا.

2007 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇل، لوندون

## مۇھەببەتنىڭ زوراۋانلىقى (1)

سېغىنغۇم يوق ھېچكىمنى، لېكىن
سېغىنماي تۇرالمىدىم بىرەر كىمنى
تاش يۈرەك بىر ئەبلەخ بولغۇم كېلىدۇ
يۇمشاتتى كېلىپ بىرى ئاۋازىمنى.

ئاق ئەتىرگۈلگە
قارلىغاچ ئىزھار قىپتۇ سۆيگۈسىنى
دەپتۇ ئاق ئەتىرگۈل:
قىزىلغا ئايلاندۇرساڭ ئاقلىقىمنى
سۆيەتتىم رازى بولۇپ شۇندا سېنى.
قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئەتىرگۈلگە
يېقىپتۇ ۋۇجۇدىنى تىكىنىگە
قانلىق بىر شېرىنلىكتە قىزىل قانلار
كۆچۈپتۇ ئەتىرگۈلنىڭ يۈرىكىگە
ئەتىرگۈل ھاي بىرەلمەي ئۆز ـ ئۆزىگە
قارىسا قارلىغاچنىڭ كۆزلىرىگە
كېتىپتۇ غۇۋا ئۆلۈم چۈشلىرىگە.

مەيىن بىر تىترەكتە قالغان شۇ گۈل
ئۇقتۇرالماي قىپقىزىل يالغۇزلۇقىنى
تۇزۇپ كەتتى سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىدا.
نېمە ئۈچۈن
مۇھەببەت شەرتى
بولۇپ كېتەر: بۇنچىلىك ياۋۇز؟
بولۇپ قالساڭ بىرىگە ئاشىق
يوقىتىپ قويىسەن مەغرۇرلۇقۇڭنى؟

ئۆلتۈرەر سېنى مۇھەببەتسىزلىك
ئالار قويىنىغا غېرىب چەكسىزلىك
ئۆلتۈرەر ئوخشاشلا سېنى مۇھەببەت
ئۆلتۈرەر سېنى ئەخلاق، قائىدە
بىدارلىق، ئۈمىد ھەم تەشۋىش
ئەنسىزلىك.

شېئىر يازغۇم بار كىمگىدۇر ئاتاپ
تاپالمايمەن لايىق بىرىنى.
تۆكۈلگۈم كېلىدۇ قارا يامغۇردەك
ھېچنېمە قوينىغا ئالالماس مېنى.

يازغان شېئىرىمنى يىرتىۋەتكۈم بار
بەڭباش شامالLARغا چېچىۋەتكۈم بار
سىرلىرىمنى ئايدىڭغا ئېيتىۋەتكۈم بار
ئايدىڭنى بۇلاقتا يۇيۇۋەتكۈم بار.

نېمە دەيمەن
ئەرلىكنىڭ قىياتاشلىرى
كۆرمىسە جانانىڭ تاپانلىرىنى؟!
نېمە دەيمەن
ئاكەسلەر كېلىپ سىلىسا
بىپەرۋا مەشۇقىنىڭ ئالقانلىرىنى؟!

ھېچكىمنى راستىنلا سۆيۈپ قالغۇم يوق،
راستلىقىم مىڭ خەنجەر بولدى بۇ جانغا
ئىنسانىمەن ۋۇجۇدۇم سۆيگۈگە تالىق
مۇپتىلا بولغۇم يوق، لېكىن، ئىنسانغا.

2008-يىلى 28-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

### مۇھەببەتنىڭ زوراۋانلىقى (2)

ياقسۇن دەپ ئېيتتىم ساڭا ياققانلارنى،
راست گېپىم ئۆيۈپ قالدى دۇۋەتلەردە.
جور بولدۇم خورلىرىڭغا بولۇپ خورچى
كۆيلىرىم تىنىپ كەتتى يۈرەكلەردە.

بارمىدىم قۇش سايرىغان توقايلارغا
ئەگەشتىم سەن باشلىغان تەرەپلەرگە.
قايتۇردى كەينىمىزگە تۈيۈق يوللار
ئىشەندىم پۇشايمانسىز سەۋەبلەرگە.

مەست كېلىپ دۇمبالايسەن خۇيۇڭ تۇتسا
ئاقلايسەن ئۆزۈڭنى ھەم يېشىلگەندە.
ئالدايسەن ۋە بەزىدە چالۋاقايسەن
بۆز خالتاڭ بىگىزلەردە تېشىلگەندە.

باراقسان چىنار تۇرسام، ئازغان دېدىڭ
باھاردا تۇرۇپ ئۆزۈڭ گۈلسىرەيسەن
ھەر نېمە بول دېدىڭسەن، بولالمىدىم.
سۇسىيىپ تۇرۇپ مەندىن چوڭ
سورايسەن.

بايقىسام، ئاچا يوللۇق دوقمۇشلاردا
جانانىڭ كۆڭلى ساڭا كېرەك ئەمەس.
ئۇسسۇلغا سېلىپ مېنى قوقاسلاردا
كۈلسەن چاۋاكلاردا
بۆلەك ئەمەس.
ئىشنەي دېسەم خالىس مۇھەببەتكە
مۇھەببەت ئايلاندۇردى ناتىۋانغا
ئالدىسا بۇ ھاياتنىڭ قىسمەتلىرى
ئۆلۈملا تېتىيدىكەن بۇ جاھانغا.

2008-يىلى29-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى

# يەتتە شېئىر

## ئادىل تۇنىياز

### كوچا ئىشكىدە تۇرغان ئادەم

كېچە ئاخىرلاشقاندا
باشلىنىدۇ خەنجەربىسى
تېرەكلەردە، روجەك كەينىدە
قول سائىتىمنىڭ ئەينىكىدە،
ئارقا كوچىدا، ئالدى كوچىدا
«ئودىسسا»دا، گۈللەر بەرگىدە...

چىقتىم كوچا ئىشكىدىن،
يېرىم ئېچىلغان يۆگىمەچ گۈلى
تامغا يامىشىپ چىققاندەك ھال رەڭ
باغقا شورىدىن ياز كەلگەن كۈنى.

كوچا ئىشكىدە تۇرغان ئادەم

مەن سودىگەر قولۇم ئۆزۈمنىڭ،
كۆزۈم، پۇتۇم، يولۇم ئۆزۈمنىڭ.
پۇلۇم خوجايىن مەن قارا قۇلى،
دېگەن چاغدا پۇلۇم ئۆزۈمنىڭ.

ئۇسسۇغان سۇ ئىچەر ئۆزىنى
ئۆزى قوپىدۇ قۇملۇقلاردا قۇم،
ئۆزى قوپۇرار گۈمبىزىنى
ئۆلگەن قۇملار يىغلىشىپ يۇم-يۇم.

پىل چىشى مۇنارى ئاستىدا تۇرسام
سۇيۇق ھەيكەل چاقىردى مېنى،
ئىنتەردىم قوللارنى ماڭا يېپىشقان
چىڭ تۇتتۇم ۋېناسنىڭ يوق قولىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەرمەكتىمەن پۇرسەت مەن ئۈچۈن
تۆشۈك يانچۇقتىن چۈشكەن جىق تەڭگە،
بەزىسى كىرگەن ھەسەل رەڭگە
دوملاپ بېرىپ پېتىپ ئەۋرەزگە.

كىيدىم ئالىقاپنىڭ چاپىنىنى،
كەزدىم بازارنى خىلمۇ خىل مېلىم.
كەلدىم باجىسىز دەرەخ ئاستىغا،
دەردىم چىقىپ يورۇدى دىلىم.

خورما يىغىنى سېتىپ بولدۇم،
بولالمىدىم يىغامنى تېتىپ،
كوچىدا يامغۇردەك غېرىب بولدۇم،
چېكىدى تارلىرىم، يۈرىكىم قېتىپ.
قىزلار يامغۇردا قالغان ئۈزۈمتال،
ھۆل يوپۇرمىقى قول ئۇزىتار.
قولى قىسقا مەجنۇنتال سىڭلىم
مەن كۆنلۈك ئەمەس، مەنمۇ ئۈزۈك تار.

شېئىر توپلىمىمنى بولدۇم سېتىپ
بىر نەچچە بازارلىق كىتاب بىلەن
سۇمۇرغ تۇخۇملىرىغا قېتىپ.
بىر مىسرا يېتەر مېنى سېتىشقا
بىر تاغار سامان يا بىر تال خام خىشقا!...

كەيدىم سېھرىگەرنىڭ قالپىقىنى
ئاستىدا ئۆزۈم يوق ئېرىگەن تۇزدەك،
پۇل دېگىنىدىن ئىزدىسەڭ مېنى
تاشتىن قاتتىق مەن، سوغۇق ھەم مۇزدەك.

قۇياش ھەر كۈنى سۆزلەر ئاسماندا
ئۇنى ئۆلۈكنىڭ ئۈنى ئەمەس،
نۇرى ئالتۇن چاقنار ھەر ياندا
ئۇ سودىگەرنىڭ ئالتۇنى ئەمەس.

مەن كونا ئاشىق، يېڭى ئوقەتچى
باي قەلەندەرمەن، دەرۋىش، پۇلپەرەس.
باي قىلماقتا يوق نەرسە مېنى
قەلبىمدە پەۋەس مەڭگۈلۈك ھەۋەس.

## كونا كىتاب ساتقۇچى

ئۆزى كونا گۆردىن چىققاندەك،
كۆزى يېڭى يۇلتۇز چىققاندەك،
سۆزى كىتابلاردىن چىققاندەك
ئۇردا كۇتۇپخانىسىدىكى ـ
مۇقاۋىغا ئالتۇن ھەل بەرگەن،
بەت چۆرىسى گۈل يوپۇرمىقى...

بوۋاينىڭ يايمىسى ئاپتاپپەرەس،
يۆتكىلەر كۈنگەي تام تۈۋىگە
كونا كىتاب ھارۋىدا پەۋەس.

تېشى يوق بىر كىتابنى ئاچتىم،
بېشى يوق ساتىراش قىلماقتا ھۈنە(ر)
چاچ ئالدۇرغاچ بىرئاز مۇڭداشتىم،
بىر پېرسوناژمەن، ئۇ سوئال جۈملە.

سۇتتىن ئاغزى كۆيگەن ناتونۇش ئادەم
ئىچمەكتە قېتىقنى پۈۋلەپ دەممۇ دەم.
كىتابچى ئۆرىدى سارغۇچ ۋاراقنى
روچۇن ئوقۇدى پۈتلىرى بىلەن.

رىزۋانگۈل توقۇدى يېڭى ھېكايە:
شاپ بۇرۇت ئەر كىتابتىن چىقىپ
كاپ قىلىپ تۇتتى ئاپتورنى بەلدىن،
مۇشۇ يەرگىچە تاپ بېسىپ كەلدىم ...

ئاندىن ئۇردا كوچىغا ماڭدىم،
تۈن قاغىدەك كەلدى ھەر ياندىن،
چىقىپ كەتتىم كىتابلاردىن مەن،
قاراڭغۇدا بارچە يوق ئادەم.

يامغۇر ياغماقتا قەغەز كۈنلۈكۈم،
تاش ياغماقتا سايىۋەن كىتاب،
گۈل ياغماقتا ئۆلۈم گۈللۈكۈم
كۈن يۈزلۈك يار قىلغاندا خىتاب.

كىتابپۇرۇشقا ئولاشتى سايە
ئاق ۋاراقتا قاتار قارا ئىز.
ئالەم ــ كىتاب، ئادەم ــ ھېكايە،
ياشاۋاتىمىز بىر كىتابتا بىز.

## ئۆيۈمدىكى مىس

ئاشخانا ئۆينىڭ ئىچىدىكى مىس
داتلاشقان كۆك كېچىدىكى مىس ــ
چاشقان پۈتلاشقان كونا مىس كورا.

مىسنىڭ ئاۋازى قىزغۇچ سۇيۇق،
مىسنىڭ ئاۋازى ۋەھىملىك،
مىسنىڭ ئاۋازى ئوقتىنمۇ ئۇچلۇق.

مىسنىڭ ئاۋازى
ئۆيمۇ ئۆي كىرىدۇ،
مېنى ئاختۇرىدۇ،
ئاخىرى كارىۋاتتىن تاپىدۇ،
ئاندىن ۋاڭگىدە ئاتىدۇ...
كەتكەن چاغدا ئۇلار دۇپۇرلەپ
ئورنۇمدىن تۇرىمەن قىزىلگۈلدەك
شېئىرلىرىمغا تايىنىپ.

ئوقۇرمەنلەر مەندىن قاچىدۇ،
خىزمەتداشلار، كۆرگەن ـ بىلگەنلەر
مېنى يۇقۇپ قالىدۇ دەپ
قوللىرىنى ئەپقاچىدۇ.

ئۇلار تۇكلۇك يۈزىنى ئېلىپ
بىر توپ چاشقاندەك قېچىپ كەتتى.
مىستەك بىر نەرسە يالتىندە قىلىپ
ھاياتىم رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

## مەن ۋە ئوقۇرمەن

شېئىرىمنى ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەن ئىككى
بىر ئەركىشى ۋە جەزمەن بىر چىشى.

ھاڭگا تېرەكتەك ئەر كىتابخان دەر:
ـ«سۆزلەر ـ كۆزى يورۇغان كەپتەر.»

ئايالنىڭ دەردى توزغاقتىن ئېغىر
بوۋىقى شاختىن ئۇچۇپ كېتەر.

ۋارقىرىدى ئاتلىق شېئىردىن
يىقىلىپ ئۆلۈپ قوپقان چەۋەنداز:
«ـ ئوقى بارمۇ ئاتقان تاز
ئوقى يوقمۇ ئاتقان تاز...»

شېئىرىم سۈت تەملىك، رەڭگى بۆلجۈرگەن
سېغىزدەك چاينار چوكان ئوقۇرمەن.

مەن ئالەمنى ھەجىلەپ ئوقۇپ
كەلدىم ئۇيغۇرچە قوشاق توقۇپ.

مەن كەلسەم بارچە سۆز ئورنىدىن قوپۇپ
ئولتۇرار بىر شائىر كۈلۈپ زورۇقۇپ.

سامادىكى بىر كىتابنىڭ مەن
زېمىندىكى كىتابخانى ھەم.

## ئايرودۇرۇمنىڭ كىرىش ئىشىكى

قىش كەپتۇ مەن كېلىشتىن بۇرۇن
يول بويىغا ئاپئاق، ئۇشتۇمتۇت،
ئاق تېرەكلەر قاچالمايۋاتقان
دەۋاتقاندەك ئۇششۇك «دەرھال تۇت...»

مەن كېلىشتىن بۇرۇن سېمونت،
مەن كەلگەندە چىقتىم مەرمەردىن،
غەم كەلگەندىن كېيىنكى تاش مەن،
كۆتۈرۈلمەس قانتىم يەردىن.

چۆچەكلەردەك بۇ ئىشىك بىلەن
بارغىلى بولار جىمى شەھەرگە،
ئولتۇرۇپ بىر ئۇچار گىلەمگە
شاڭخەي، توكيو يا ئەنقەرەگە؛
كېسىپ ئۆتۈپ ـ يېرىم كېچىنى
ھىلال ئاي چىققان يېرىم قەشقەرگە.

زالدىكى گىلەمدىن ئۈزدۈم بىر تال گۈل،
بىر تال گۈلدەك ئۈزۈلمەس گۇمان.
كۆكرەك قەپەسىمدە قۇشقاچتۇر كۆڭۈل،
دېرىزىدىكى گۈلمىدۇ، تۇمان؟

ئايرودۇرۇمنىڭ كىرىش ئىشىكى
بىر يولۇچىنى تونۇمىدى،
مەڭگۈلۈك سەپەرگە چىققان چېغى.
دىماقلىرىمدا ئەتىر ھىدى،
يېنىمدىكى قىز ئۆلگەن ئىدى،
جىسمىمنىڭ يالىڭاچ ھەربىر قىسمىدا.

بىر ئۆلۈك ئورۇندۇقتا مىدىرلىدى
نۇرغۇن يىللار كېيىنكى ئۆلۈك.
كۆنۈك مەن كۈندە بۇنداق ئۆلۈشكە
مۇشۇنداق تۇرۇپ چۈش كۆرۈشكە...

ئاسان ئەمەس ئاسمانغا چىقىش
يۈزۈڭگە يېزىلمىغان بېلەت بىلەن،
تام ئوچۇق تىلدا بايان قىلغان ئىش ـ

ئاسماندىن ئايرىلىپ تۇرىسەن بىردەم.

يېقىنلايمىز يېقىن نەرسىگە
بىز سەپەرگە چىقساق ھەر قېتىم،

ئورۇن بوشتار بەدىنىم كىمگە؟
مەڭگۈلۈك يولۇچى مېنىڭ ئېتىم.

## ئوغلۇم ئىقبالنىڭ ئىسمى

ئىسمى يوق قارنىڭ ئاق يالقۇنىنى
پۈۋلەۋاتقان ئىلتەرىش خاقان
ئىسمى ئىدى ئوغلۇم ئىقبالنىڭ،
ئىسمى يوق چاغدا كوچىدا قارنىڭ.

بىز ئۇچاغدا ئىدۇق مەككىدە
ئۇنىڭ جىسمى كۈندىن تامغاندا،
ئۇنىڭ ئىسمى كۆكتىن چۈشكەندە،
كۆكتىن چۈشكەن كىتابقا قاراپ
چاقىرىپ كەلدۇق ئەزان تووۋلاپ
ئۇيغۇرچە گەپ قىلغان پەرىشتىلەرنى،
كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن يەرنى،
قۇشتەك قونغان ئەسلىمىلەرنى...

ئىقبالنىڭ ئىسمى قۇياش تاج كىيىپ
ماڭغان چاغدا تاغلارغا قاراپ
كىتابتا بار يوق ئادەملەردەك
بىز ۋەتەنگە قايتتۇق ئالدىراپ.

ئىسمىنىڭ ئىسمى
تاغدىن قايتقان بىر كۈنى
ئۇچراشتىم تاغدىن قايتقان ئەكس ساداغا،
قۇچاقلاشتىم مەڭگۈلۈك قارىغاي ئاستىدا...

ماڭماقتا ئۈچ ئوغلۇم قار لەيلىسىدەك
تارىخنىڭ ئەتىكى كەينىگە قاراپ.

ئوغلۇم ئىقبال ئوينار ئىسمىسىز
ھەسەل ھەرىسىدەك گۈزەل چېچەپ،
ئۇننى چېچىپ، خېمىرنى چايناپ
ئانىسىنى بۇلاقتەك ئېچىپ؛
«بە!» دەپ بىرىپ تۇرغان چولدىرىنى
ئەركىلەپ قولىمىزدىن ئېلىپ قېچىپ...

مەن بۈگۈن كېچە ئۇيقۇمدىن كېچىپ
كۆزۈم بىلىقتەك قاراڭغۇلۇقنىڭ
كۆمۈش تەڭگىلىك جىسمى بىلەن،
يوقلۇقنىڭ بارلىق ئىسمى بىلەن
بارلىقنىڭ يۈزۈمدەك ماسكىسى بىلەن.

ئۆلتۈرۈۋەتتىم ئىككى چىۋىننى
سۆزلەر سۆزلەپ كېتىۋاتقاندا،
ئۆلتۈرۈۋەتتىم مەن شېئىرىمنى
قەلبىم مۇناجات ئېيتىۋاتقاندا.

تاڭ ئاتقاندا
بۇدرۇق قوللىرى ئارىسىدىن
ئۇخلاۋاتقان ئىقبالىمىزنىڭ
كەلدىم كارىۋاتقا قۇياشتەك يېقىن.
خەزىنەمدىكى بۇ ئىنئام كىمنىڭ؟
نۇرغا تولغان يەر-ئاسمان كىمنىڭ؟
ئويلاپ قالدىم سايىدەك بىردىن...

## تۆگە ئىزدەۋاتقان ئادەم

تۆگىنى بازاردىن ئىزدەيدۇ.
بوتا كۆزلۈك قىز دەيدۇ:
—قارىما لوكامغا بوتىلىقىم بار،
بار مەن سۆيگەن چىن ۋاپادار يار!

تۆگىنى مازاردىن ئىزدەيدۇ،
دەيدۇ ئېگىز توپا دۆۋىسى:
—مازارغا چالما ئاتما، چۆككىلى قوي،
ئەي، ئۆلۈمدىن پاكىنەك كىشى!

تۆگىنى كىتابتىن ئىزدەيدۇ،
كىتابتىكى جىگدە تۈۋىدە
يازغۇچى يالغاچ ئوڭدا يېتىپ
باغلانجىسنى قويىۋېتىپ
تۆگىلەرنى چۈشىمەكتە جىق.

مۇقەددەس كىتابتىن بىر تۆگە چىقتى،
قورقۇپ تۆگىچى جان-پىنى چىقتى.

تۆگە ئىزدەيمەن ئۇيغۇر تىلىدا
بىر توپ بالا چۇرقىراشماقتا:
—قاراڭلار، تۆگىسنى تاپالماي كەپتۇ
باياملا تۆگىلىك ئۆتكەن ئادەم شۇ...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# گۈلەندەم ئابىستانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن

**يالقۇن روزى**

تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا ئوينىغان باشلامچىلىق رولى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ تارىخىدا مەڭگۈ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ غۇلجا، چۆچەك ۋە تۇرپانىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدا، يەنى ئۇ جايلاردا جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىدا تاتار مائارىپچىلىرى ئۆچمەس ۋە ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى قوشقان.

تاتارلار تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە شانلىق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت. ئۇلار 19-ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ قىرىم يېرىم ئارىلى ۋە ئۇرال- ئىدىل بويلىرىدا جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ھاياتىدا زور يېڭىلىنىش پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى بىر تۈركۈم ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ كاتتا ئەسەرلىرى ۋە جانلىق پائالىيەتلىرى بىلەن قېرىنداش تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئويغىنىش، يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەنە شۇ جەدىتچىلىك ھەرىكىتىدە كۆپلىگەن تاتار ئوقۇتقۇچىلار ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپانلارغا كېلىپ جەدىتچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. پېشقەدەم زىيالىي ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۆچېركلار» دېگەن كىتابىدا ئانا دىيارىمىزغا كېلىپ «ئۇسۇلى جەدىت» ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان پىداكار تاتار مائارىپچىلىرى توغرۇلۇق توختالغاندا: «بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن قېرىنداش تاتار ئەر- ئايال ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلىرىنىڭ ۋە بىر تۈركۈم ئۆزبېك مائارىپچىلىرىنىڭ قوشقان تۆھپىسى ھەمدە ئاققۇزغان قان- تەرلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى ئۇلارنىڭ شانلىق ئەمگىكى ئۈچۈن ھېسابسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ» دەپ يازغان. بۇنى بىز بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنىڭ بىر زىيالىينىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن رەھمىتى دەپ تونۇيمىز. تاتار خەلقى بىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىمىزدا ھەقىقەتەن زور بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان ئۇستاز خەلق. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىمىزغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسىگە ھاكىم جاپپار، تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، ئابدۇۋەلى مۇقىيت قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوبيېكتىپ ۋە چىن باھالىرىنى، سەممىي تەشەككۈرلىرىنى بىلدۈرگەن.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتقىنىغا ئوخشاش، تاتار تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدىب- ئالىملىرىنىڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا تاتار مەدەنىيىتى ئۈچۈن قوشقان تارىخىي تۆھپىسىگە ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

ئالتۇن ئوردا خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان تەرىپىدىن 1243- يىلى ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان. بۇ خانلىق 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر سۈرگەن بولۇپ، ئاساسىي ئاھالىسى تاتارلار ئىدى. خىۋە

## روھىيەت مەشئەللىرى

خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان (1603ــ1663) تەرىپىدىن يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق تارىخي ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان خانلىقلاردا ئوينىغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى رولى توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تۈركچە ئوقۇغان كىشلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇيغۇرلار دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەر ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىغا كەلگەندە ماۋەرەئۇننەھرىدە، خۇراساندا ۋە ئىراقتا مەجلىس ساھىبلىرى ۋە دەپتەردارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلاردىن قويغانىدى». مانا مۇشۇنداق تارىخي ئەمەلىيەتتىن خەۋەردار تاتار تەتقىقاتچى مالىك چانىشېۋ ئەپەندى «جۇڭگو تاتار مائارىپى تارىخى» دېگەن كىتابىدا «ئالتۇن ئوردا خانىدانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي دۆلەت يېزىقى قىلىپ قوللىنىلغان. خان ئەۋلادلىرى، ئۇنىڭ جامائىتى، يۇقىرى قاتلامدىكى بەگلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە خادىملار مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن مۇئەللىملەر ئاساسەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، دەرس كونا ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلەتتى. ئالتۇن ئوردىغا بارغان كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىدىنلا دەرس بېرىپ قالماي، يەنە بۇ زېمىندىكى تاتار مىللىتىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت، پەن، سەنئەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، بىناكارلىق، رەسساملىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ تەقدىم قىلىپ، تاتارلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇزاق تارىخ، تۇرلۇك ۋەقەلەر بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستازلارنىڭ بۈيۈك تۆھپىلىرىنى ھەم نامشەرىپىنى بۇ دەۋرگە يەتكۈزۈپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب ـ ئالىملىرىنىڭ تۆھپىلىرىگە تاتار خەلقى يۈكسەك دەرىجىدە يۇقىرى باھا بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ» دەپ يازغان.

شۈبھىسىزكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. مەيلى قېرىنداش مىللەتلەر ياكى يات مىللەتلەر بولسۇن تارىختا ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە بولۇش جەريانىدا بىر ـ بىرىگە كۆپ ھاللاردا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن.

تارىختا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن تىللاردا داستان قىلىنىپ ئۇلۇغلانسا، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە كۆرسەتكەن زۇلۇم ـ خورلۇقلىرى بىلەن مەڭگۈ كەچۈرۈپ بولماس لەنەت ـ نەپرەتكە دۇچار بولغان. تاتار خەلقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى ئالاھىدە تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتسىمۇ، لېكىن چاررۇسىيە زامانىدىكى رۇس زۇلۇمىغا مەڭگۈ نەپرەت ياغدۇرىدۇ. چۈنكى 1552 ـ يىلى قازان خانلىقى چاررۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، تاتار خەلقى ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۇزاق ياشىغان. بولۇپمۇ چار پادىشاھ پېتر I زامانى (1682 ــ 1725) دىن يېكاتېرىنا II زامانى (1762 ــ 1796) غىچە بولغان دەۋرلەردە، تاتار خەلقى سىياسىي، ئىقتىساد، پەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ھوقۇقلىرىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنغان. ئۇلارنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەنگەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى چەكلىنىپلا قالماستىن، مەسچىت، مەدرىسەلىرى ۋەيران قىلىنغان ياكى چېركاۋغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاتار مىللىي مائارىپىمۇ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىپ، خېلىلا يۈكسەلگەن تاتار مائارىپى ئىلاجسىز ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئانا تىل ـ يېزىق جەھەتتە تەربىيەلەشتەك ئىپتىدائىي ئائىلە مائارىپى دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ تەرەققىي تاپقان ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قىرىم يېرىم ئارىلى ۋە ئىدىل ـ ئۇرال بويلىرىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلىرى ھەم سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى قوزغىغان. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇلار ئۆز خەلقىنى ئويغىتىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قېرىنداش خەلقلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ نەشر بۇيۇملىرى ۋە چاقىرىق كۈچىگە باي تەشەببۇسلىرى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئەنە شۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا غۇلجا، تۇرپان، ئاتۇش، كۇچا، خوتەن رايونىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە ئۆلىما ـ زىيالىيلار جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇپ، خەلقنى ئويغىتىپ، تەرەققىيات ۋە قەد كۆتۈرۈش يولىغا باشلاشقا تۇتۇش قىلغان. شۇ مەزگىلدە يەنە بىر قىسىم پىداكار تاتار مائارىپچىلىرى بىزنىڭ جەدىتچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جەدىتچە مائارىپىمىزدا ئالاھىدە تۆھپىسى بار تاتار مائارىپچىلىرى ئىچىدە سەيپىدىن ئەزىزى «چۆچەك زىيالىيلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىگەن مەشھۇر مۇئەللىم گۈلەندەم ئابىستاي ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن تۇرپان ۋە چۆچەك خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە شۆھرەتلىنىپ كەلمەكتە.

گۈلەندەم ئابىستاينىڭ ھاياتى ۋە مائارىپچىلىق پائالىيىتى توغرۇلۇق ھازىرغىچە ئابلىمىت ھاجىيوفنىڭ «چۆچەك مائارىپىنىڭ 40 يىلى» دېگەن ئەسلىمىسىدە، تاھىر تاشبايېف بىلەن

ياڭ رىنجىنىڭ «تارباغاتاي ئايالالار مائارىپىنىڭ پېشۋاسى — گۈلەندەم خەببۇللىنا» دېگەن ماقالىسىدە، ئۆمەرجان سىدىق يازغان «ئىدىقۇت ئوغـلانلىرى» ناملىق كىتابىتا، مالىك چانىشېۋ يازغان «جۇڭگو تاتار مائارىپى تارىخى» ناملىق كىتابىتا، مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق يازغان «تۇرپان ئاستانىدا يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى»، ئىبراھىم نىياز يازغان «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپى ۋە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ھەققىدە خاتىرىلەر»، ئابدۇراخمان ئابدۇللا يازغان «مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر، ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى» دېگەن ماقالىلەردە قىسمەن مەلۇماتلار بار. بۇ ماتېرىياللار- دىكى گۈلەندەم ئابىستايغا مۇناسىۋەتلىك بايانـلارنىڭ بىر قىسمى بىر-بىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇنداقلا يىل دەۋرى بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بولۇپمۇ گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ تۇرپانغا قاچان، قانداق بارغانلىقى، چۆچەككە قاچان، قانداق قايتقانلىقى توغرىسىدىكى بىرقاتار بايانلار تارىخىي ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن ئەمەس.

بەختىمىزگە يارىشا، يېقىندا گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ كۈنـ دىلىك خاتىرە دەپتىرىنىڭ 3- قىسمى، يەنى 1919- يىلدىن 1924 - يىلغىچە بولغان ۋاقىتتىكى ئىشـ پائالىيەتلىرى يېزىلغان قىسمى تېپىلدى. بۇ شىنجاڭ يېڭىچە، يەنى جەدىتچە مائارىپىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى، جۈملىدىن گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ ئىش- پائالىيىتى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئېنىقلىشىمىزدا ئەڭ ئىشەنچلىك 1- قول ماتېرىيال سانىلىدۇ. بۇ كۈندىلىك خاتىرىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ يازمىسىدىن بىز ئىدىقۇت دىيارىدىن چىققان داڭلىق جەمەت — مۇھىتـلار جەمەتىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا يېڭىچە مەكتەپلەرنى قاچان ئاچقانلىقى ۋە مەكتەپ ئېچىشتا قانچىلىك جانكۆيەرلىك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار مىڭ يىل ئىلگىرى خۇددى رۇسىيەلىك ئاكادېمىك بارتولد ئېيتقاندەك «تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مەدەنىيەت جەھەتتە يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان» ئاھالە ئىدى. ئۇ زاماندا «ئىدىقۇت مەدەنىيىتى»مۇ «خاقانىيە مەدەنىيىتى» گە ئوخشاشلا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئىدى. «خاقانىيە مەدەنىيىتى» گە ئوخشاشلا، تارىختا بىر مەھەل پارلاق نۇر چاچقان «ئىدىقۇت مەدەنىيىتى» چىڭگىزخاننىڭ شەرق ۋە غەربنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن كېيىن،ئاستا- ئاستا پارلاقلىقىنى يوقىتىپ، چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن. مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەرەققىيات جەھەتتە كۈنسېرى كەينىگە چېكىنگەن بۇنداق زۇلمەتلىك دەۋر 500—600 يىلـلار داۋام قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، ئىدىقۇت ئەۋلادلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ۋە يۇكسەك تەرەققىياتىنىڭ شان- شۆھرىتىگە ئىشىنىشكە پېتىنالمايدىغان دەرىجىدىكى مەنىۋى زەئىپلىككە مۇپتىـلا بولۇشقان.

ئەلۋەتتە، پەقەت ئىدىقۇت ۋادىسىلا ئەمەس، قەدىمكى دەۋرلەردە نى-نى سەلتەنەتلىك شەھەرلەر قۇرۇلۇپ، يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى مەيدانغا كەلگەن ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى خەلقنى قۇل قىلغۇچى زالىم ھۆكۈمرانـلارنىڭ تىنىمسىز تالان- تاراج قىلىشلىرى، سوپى - ئىشانـلارنىڭ تەپرىقىچىلىق تالاشلىرى سەۋەبىدىن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە زۇلۇم- جاھالەتنىڭ، ئېزىلىش-خورلۇقنىڭ، نادانلىق- خۇرا- پاتلىقنىڭ، نامراتلىق-بىقۇۋۇللۇقنىڭ ئۇچىقى بولۇپ قالغان. شىنجاڭدا «مۇستەقىل پادىشاھ» بولۇۋېلىشقان، رەزىللىكتە بىر-بىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان مۇستەبىت ھۆكۈمران ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىقـلار ۋە ئۇلارنىڭ قولچومـاقچىلىرى بولغان ئامبال- دارىنـلار، يەرلىك بەگ، ئەمەلدارلار بىچارە خەلقنى ھەر خىل قەبىھ ئۇسۇلـلار، قاتمۇ قات سېلىق، بويۇنتۇرۇقـلار بىلەن دەھشەتلىك تۇردە ئېزىپ، ياشاش ئىمكانىيەتلىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ قويغان. ئۇلار يەرلىك خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇشتەك ئەكسىيەتچى سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، روھىي قۇللۇققا گىرىپتار قىلىپ، قەلبىنى قاراڭغۇ زىندانغا مەھكۇم قىلغان. مۇشۇنداق قەبىھ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتتا چېچىـلاڭغۇلۇق، قاشاڭلىق، خۇراپاتلىق، چۈشكۈنلۈك ئىللەتلىرى بۇ خەلقنىڭ ۋۇجۇدىنى بوغمـا يىلاندەك چىرمىۋالغان. بۇ مۇقەددەس تۇپراقنىڭ ھەممىـلا جايىدا زۇلۇم-ستەم، تەقىب، نادانلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاھۇ پەريادلار، يىغا-زارلار، قان- ياشـلار خەلقنىڭ كۈندىلىك قىسمىتىگە ئايلانغان.

20- ئەسىر تارىخىمىزدىكى ئۈچ مەشھۇر جەمەتنىڭ بىرى بولغان مۇھىتـلار جەمەتىنىڭ خەلقپەرۋەر پەرزەنتلىرى جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ «مۇسابـايېفلار جەمەتى»، «تاشاخۇنۇم جەمەتى»گە ئوخشاشـلا خەلقنى ئويغىتىش دولقۇنىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان، ئۇلار مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە گۈللىنىشىگە چېتىلىدىغان، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئاۋانگارتلىرىغا ئايـلانغان. بۇ ئائىلىنىڭ موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتى قاتارلىق تۆت ئوغـلانى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا- تىجارەت جەھەتتىكى تۇغما ئەۋزەللىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز تىجارىتىنى ئىچكى جۇڭگو شەھەرلىرى ۋە رۇسىيە شەھەر- لىرىگىچە كېڭەيتكەن. ئۇلار تۆگە كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ، شەرقتە لەنجۇ، تيەنجىن ۋە بوخەي دېڭىزى بويلىرىغىچە؛ شىمالدا گۈچۈڭ، چۆچەك شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شەمەي، قازان، تاشكەنت، ھەتتا موسكۋا، پېتىربۇرگلارغىچە بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىي سانائىتى ۋە مىللىي سودىسىنىڭ

uyghurkitap.com

گۈللىنىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇلار يەنە ئىدىقۇت دىيارىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۈرۈمچى، چۆچەك، غۇلجا، قاتارلىق جايلاردا جەدىتچە مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەرىپەت مەشئىلىنى يېقىپ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، مائارىپ تارىخىمىزدا يېڭى سەھىپە ئاچقان. مۇھتەسىپلار جەمەتىنىڭ بۇ ئەزىمەت ئوغۇللىرى 1931 ـ يىلى قۇمۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجى ۋە سالى دورغىلار قوزغىغان ئىنقىلابقا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، تۇرپان ئاستانىلىقلارغا خاس باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلاب قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىسسىق جېنىدىن ۋە تالاي مۇشەققەتلەر بەدىلىگە توپلىغان مېلىدىن كېچىپ، ئېزىلگەن خەلقنى باشلاپ، زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرگەن. ئۇلار يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنىپ، ئەگرى قىلىچلارنى مەھكەم تۇتۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان جەڭگىۋار ناخشا ــ «ئاچىل» نى توۋلاپ، ئىنقىلاب يالقۇنىنى تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرى ۋە تارىم بويلىرىغىچە تۇتاشتۇرغان. مۇھتەسىپلار پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەڭ مەيدانلىرىدا، جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدە قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان. مۇھتەسىپلار جەمەتىنىڭ ئارسلاندەك ئەزىمەت ئوغۇللىرى 20 ـ ئەسىر ـ نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئانا دىيارىمىزدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ، ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم ئىجابىي ئىشتىراكچىسى، باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە يېزىلدى.

مەشھۇر تاتار مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستايمۇ تۇرپان ئاستانىغا ئەنە شۇ مۇھتەسىپلار ئوغۇللىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن. گۈلەندەم ئابىستاي مالىك چانىشېفنىڭ كىتابىدىكى مەلۇمات بويىچە بولغاندا 1887 ـ يىلى ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالدىقورغان ئوبلاستىغا قاراشلىق باقتى دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇ 10 ياشلارغا كىرگەندە ئائىلىسى بىلەن 1897 ـ يىلى چۆچەك شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1911 ـ يىلى مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى چۆچەكتىكى «ئەلمىسباخ» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. گۈلەندەم ئابىستاي ئۆز ئۆيىدە قىزلارنى تەربىيىلىگەن. ئوقۇغۇچىلىرى 60ــ70 تىن كەم بولمىغان. ئۇ بۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنى 1 ـ سىنىپتىن 4 ـ سىنىپقىچە ئايرىپ ئوقۇتقان. چۆچەكتە جەدىتچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ تونۇلغان بۇ ياش ئەر ـ خوتۇن 1919 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن7ــ8 ياشلارغا كىرگەن ئوغلى فاتىخنى ئېلىپ، تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىغا يېتىپ كەلگەن.

مۇھتەسىپلار جەمەتىنىڭ تۇرپان ئاستانىدا جەدىتچە مەكتەپنى قاچان ئاچقانلىقى توغرىسىدا مالىك چانىشېف، مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق، ئابدۇراخمان ئابدۇللا، ئىبراھىم نىياز، تاھىر تاشباييېف، تۇمەرجان سىدىق قاتارلىقلارنىڭ كىتاب ۋە ماقالىلىرىدە ۋە باشقا بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللاردا بىردەك «1913 ـ يىلى مەخسۇدىيە مەكتىپىنى ئاچقان» دەپ يېزىلىپ كەلگەن. ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۆچېركلار» ناملىق كىتابىدا «1914 ـ يىلى» ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ سانىدا «مەخسۇت مۇھىتى ئالدى بىلەن خەلقنى ئاقارتىش نىيىتىگە كېلىپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا بەل باغلاپ، 1914 ـ يىلى رۇسىيەدىكى تاتار زىيالىيلىرىدىن ھەيدەر سايرانىنى تۇرپان ئاستانىغا تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كېلىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى گوسۇل مۇھىتىنىڭ قورۇسىدا بىر سىنىپلىق يېڭى پەننىي مەكتەپنى تۇنجى قېتىم تەشكىل قىلغان. مەكتەپنىڭ ئىسمىنى ‹مەخسۇدىيە مەكتىپى› دەپ ئاتىغان» دەپ يېزىلغان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپى شۇكى، مەيلى 1913 ـ يىلنى ياكى 1914 ـ يىلنى مەكتەپنىڭ ئېچىلغان يىلى دەپ تىلغا ئالغۇچىلار بولسۇن، ھېچكىم بىرەر پاكىت ئاساسىنى كۆرسەتمىگەن. ئەمما گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە: «ھەيدەر ئەپەندى بىزلەردىن بۇرۇن ئاستانىدە ئۈچ ـ تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى» دەپ ئېنىق يازغان. ناھايىتى ئېنىقكى، مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي تۇرپان ئاستانىغا 1919 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى يېتىپ كەلگەن. گۈلەندەم ئابىستاينىڭ خاتىرىسىدىكى يۇقىرىقى ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا تۇرپان ئاستانىدا تۇنجى جەدىتچە مەكتەپ 1915 ـ يىلى ئېچىلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپتە تۇنجى قېتىم مەشھۇر تاتار زىيالىي ھەيدەر سايرانى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھەيدەر سايرانى 1919 ـ يىلغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇ ـ چىلىق قىلىپ، مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي كەلگەندىن كېيىن لۈكچۈندىكى تاھىربەگ ئاچقان جەدىتچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كەتكەن. مۇھتەسىپلارنىڭ جەدىتچە مەكتەپنى 1915 ـ يىلى ئاچقانلىقىنى دەلىللەيدىغان يەنە بىر ئۇچۇر بۇرھان شەھىدۇللىن تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۆتمۈشتىن ئۇچۇرلار» ناملىق ماقالىدە بار. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بۇرھان شەھىدۇللىن ئەپەندىنىڭ ئورىنبۇرگدا چىقىدىغان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1914 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى 1620 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار» دېگەن ماقالىسىدىكى مەزمۇنلاردىنمۇ مۇھتەسىپلار ـ نىڭ 1915 ـ يىلدىن ئىلگىرى تېخى جەدىتچە مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ ئۈلگۈرمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئۈرۈمچى مۇسۇلمانلىرى، بۈگۈنگىچە ئۆگىنىدىغان نەرسىگە دىققەت

قىلمىغان. ئۆگىنىدىغان نەرسە يوقمۇ ئەمەس. ئەمما تولىمۇ قەدىمىي ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن. ئۆتمۈشتىكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدەك «شەرئىيەتۇل ئىمان» بىلەن ئىنشادا نەچچە يىل ئوقۇتۇپ بالىلارنىڭ كاللىسىنى زەھەرلەيدۇ. بۇ تېخى ئۆگىنىش دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق ئۆگىنىشتە توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشى يوق. بۇنداق نېمىلەردىن ياخشىراق بىر نېمە ئۆگەتسە، رولى بولاتتى، ئۇمۇ يوق. قۇدرىتى بار قەشقەرلىك، تۇرپانلىق سودىگەرلەر قوزغىلىپ مۇنتىزىم مەكتەپ ئاچسا، ئارقىدىن باشقىلارمۇ قوشۇلۇپ بالىلىرىنى ئوقۇتسا، مائارىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى ئەمەسمۇ! يول باشلايدىغان ئادەم يوق. تەرتىپلىك مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان مەكتەپ بولسا بۇ كىشىلەر تولىمۇ ئىقتىدارلىق بولغاندىكىن، تېزلا تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ ئەمەسمۇ! بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەڭ زۆرۈر دەپ قارايدىغىنى شۇ ئىشنى باشلاپ كۈچىنىڭ بارىچە چۈشەندۈرىدىغان كىشىنىڭ يوقلۇقى. چۈشەندۈرەلىسە ھېچكىممۇ قارشى تۇرمايدۇ ئەمەسمۇ! ئۇلار ئەگىشىدىغانلا كىشىلەردىن تۇرسا.» مانا بۇ ئۇچۇردىنمۇ 1915-يىلدىن ئىلگىرى تېخى تۇرپان ئاستانىدا جەدىتچە مەكتەپنىڭ ئېچىلمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «تۇرپان ئاستانىدا 1913-يىلى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىلغان» دېگەن قاراش ئەينى يىللىرى ھەيدەر سايرانى ئەپەندىدە ئوقۇغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ 50—60 يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى ئەسلەشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇقىملىشىپ قالغان. ھالبۇكى ئەسلىمە كۈندىلىك خاتىرىنىڭ ۋە ئەينى چاغدىكى گېزىتكە بېسىلغان ئۇچۇرنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا، بۇ توغرۇلۇق ئېنىقلىقى يۇقىرى ئۇچۇرنى ئاساس قىلىش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

* * *

مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي تۇرپان ئاستانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى تەكلىپ بىلەن ئاستانىغا كەلتۈرگەن مۇھتىلار جەمەتى بۇ ئىككى ياش مائارىپچىغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياقتىن ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغان. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندە مەسچىت، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چىرايلىق مەكتەپ بىناسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىزگە ئاجرىتىلغان ئۆيلەر بار ئىكەن»، «تەبىئىي شارائىتى، مەئىشەت جەھەتتىن چۆچەككە سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە ياخشى، گۈزەل تۇرمۇشتا ياشاشقا باشلىدۇق. ئەتراپ ياپيېشىل يېمىشلىك باغلار، گۈزەل كۆرۈنۈشلەر، سارايدەك ئۆيلەر...» دېمەك ئۇلار تۇرپان ئاستانىدا مۇھتىلارنىڭ كۆرسەتكەن ھۆرمەت ۋە شەرت-شارائىت جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن ئالاھىدە مەمنۇن بولغان.

شىنجاڭدىكى جەدىتچە مائارىپنىڭ دەسلەپكى ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان گۈلەندەم خەببۇللىنا پۈتكۈل مائارىپ - ئاقارتىش پائالىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن ۋە ئەڭ دەرد - ئەلەملىك ئېغىر كۈنلىرىنى تۇرپان ئاستانىدە ئۆتكۈزگەن، ئەڭ يارقىن دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ مۇھتىلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئۆتۈنۈشى بىلەن ھەم ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قابىلىيىتى بىلەن چىڭ ئىرادىگە كېلىپ، ئۆز يۇرتى، ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرپان ئاستانىگە كەلگەن ۋە ئۇ يەردە تۇنجى بولۇپ قىزلار سىنىپى تەسىس قىلىپ، قالاقلىق ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان بىر خەلقنىڭ كەلگۈسىدە ئانا بولىدىغان قىزلىرىنى زامانىۋى بىلىملەر بىلەن تەربىيىلىگەن. بۇنى بىر يارقىن قەدەم ۋە زور پىداكارلىق دېمەي مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ قايغۇلۇق ئېغىر كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، گۈلەندەم ئابىستاي تۇرپان ئاستانىدە تۇرغان قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە ئاتىسى، ئۇماق قىزى فاكىھە ۋە قەدىردان ئېرى ھەم ئىلمىي ھەمراھى مۇھىببۇللا خەببۇللىندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان. بۇ ئاچچىق قىسمەتلەرنى بىر ئايالنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت دېمەي مۇمكىن ئەمەس. گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «... شۇ ئېغىر قايغۇلۇق قارا كۈن-تۈنلەرنى قانداق تەسۋىرلىسەممۇ، تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، ئاخىر سۆيگەن دوستۇمدىن، 12 يىل بەخت-سائادەت ئىچىدە بىرگە ياشىغان سىرداشىمدىن، شۇ رەھىمسىز ئۆلۈم پاجىئەسى تۈپەيلى، چەت-يات يەردە ئايرىلىپ، ئىككى كىچىك بالا بىلەن قارا يازمىشنىڭ ئىختىيارىدا قېلىشتىنمۇ ئېغىر ئەھۋال بولمىسا كېرەك بۇ دۇنيادا!... » شۇنداق بولسىمۇ، بۇ پىداكار مۇئەللىم قىز ئوقۇغۇچىلىرىغا بىلىم بېرىشنى، ھۈنەر ئۆگىتىشنى يەنىلا ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ، شۇ مۇسىبەتلىك كۈنلىرىدىمۇ دەرس ئۆتۈشنى توختىتىپ قويمىغان.

دېمەك، گۈلەندەم ئابىستاي ئائىلىسى بىلەن تۇرپان ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن دەسلەپ مۇھىببۇللا ئەپەندى ئاستانىدىكى مەكتەپتە 50 تىن ئارتۇق ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان. گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ بىرىگە ئۈستەل-ئورۇندۇقلارنى تىزىپ دەسلەپكى قەدەمدە ئونغا يېقىن قىز ئوقۇغۇچىغا ئېلىپبە، ھېساب، ئەخلاق، ناخشا ۋە دىن دەرسلىرىنى ئۆتۈش بىلەنلا قالماستىن، يەنە تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك ۋە باشقا خىلدىكى يىڭنە، قول ئىشلىرى دەرسى ئۆتۈپ، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولۇشىغا ۋە قىزلارغا خاس ھۈنەر-كەسىپلەرنى ئىگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان. گۈلەندەم ئابىستاي ئىپادىلىگەن بۇنداق يۈكسەك روھ شۇ زاماندىلا ئەمەس، بەلكى

www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك پەزىلەتتۇر. بۇنداق ئالىيجاناب روھ ۋەتەن، مىللەتنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەم بۇنىڭ تۈپ نېگىزى بولغان مائارىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ھەربىر شەخسنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاستانىدىكى مائارىپچىلىق ھاياتىنىڭ قانداق باشلانغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق قۇرلارنى يازغان: «‹قاراڭغۇ يەردە چىراغ يورۇقراق يانۇر› دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. بىز ياققان ‹چىراغ› نىڭ يورۇقى يىراقلاردا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىر ـ ئىككى ئايدىن سوڭ ئاستانە يېزىسى ئەتراپىدىكى باشقا يەرلەر ــ قاراغوجا، تۇيۇق، ئاۋات، چوڭ كارىز قاتارلىق يېزىلاردىن باللار ئوقۇشقا كېلىپ ئوقۇغۇچىلار سانى 70 كە يەتتى»، «مەن بولسام ئۆيدە ئۆزۈمگە تېگىشلىك توققۇز نەپەر قىز ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتار ئىدىم. چۆچەكتىكى چېغىمدا60 ــ 70 ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتۇپ چېنىققان مېنىڭدەك بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ھازىرقى خىزمىتىم تولىمۇ يەڭگىل ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا خالىغانچە دەرس بېرەر ئىدىم. يەنە قول ھۈنەرلىرىدىن تىكىش، توقۇش، كەشتىلەش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىتەر ئىدىم. ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، چۈش ۋاقتىلىرىدا ئاش پىشۇرىمەن، كۆپىنچە ئۇلار بىلەن بىللە ئاش پىشۇرىمەن. ئۇلار بىزنىڭ غىزالىرىمىزنى بەك قىزىقىپ ئۆگىنەر، ماڭا بولسا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تاماقلىرىدىن بولغان مانتا، يۇتازا، پوم (موما)، بەڭشە، (تۆگرە)، لەڭمەن قاتارلىقلارنى ئېتىشنى ئۆگىتەر. كۈنلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۆتەر ئىدى.»

گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانىگە كېلىپ ياندۇرقى يىلى، يەنى 1920 ـ يىلى فاكىھە ئىسىملىك قىزىنى تۇغقان، ئەمما بۇ قىزى كېسەل سەۋەبى بىلەن 1922 ـ يىلى يانۋاردا ئۆلۈپ كەتكەن. 1921 ـ يىلى فەرىد دېگەن ئوغلىنى تۇغقان، گۈلەندەم ئابىستاي بىر تەرەپتىن ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىزلارنى ئوقۇتۇشنى ھەرگىز ئاقسىتىپ قويمىغان. 1921 ـ يىلى ئۇنىڭدا ئوقۇيدىغان قىزلارنىڭ سانى 20 گە يەتكەن. ئېرى مۇھىببۇللا ئەپەندى ئىنچىل ھالدا ئوغۇللارنى ئوقۇتقان. گۈلەندەم ئابىستاينىڭ يېزىشىچە مۇھىببۇللا ئەپەندى بۇلاردىن تاشقىرى يەنە كەچلىرى چوڭ كىشىلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان. 1915 ـ يىلدىن 1919 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ھەيدەر سايرانىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، 4 ـ سىنىپ مەلۇماتىنى ئالغان ئابدۇللا پەرسا، مۆمىن ئەخمەت، شاۋۇدۇن ئەپەندى، لېتىپ ئەپەندى، مۆمىن ئىمىنباي، دۇگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ئەبەيدۇل توختىھاجى، ئاббاس نەجىبى، ئەخمەت نەزەر قاتارلىق 40 نەپەرچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يارامىلىق ئوقۇغۇچى ئابدۇرەسۇل ئابدۇقەييۇمى، ئابدۇللا ۋە ھەمدۇللالار ئۇلارغا يارەمچى ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە يارەملىشىپ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى خېلىلا يەڭگىللەتكەن.

مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانە خەلقىگە ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان. ئاستانە خەلقىمۇ ئۇلارغا ئىنتايىن ياخشى تەسىرلەرنى بەرگەن. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان. «بىزنىڭ ئاسما (پۈرژىنىلىق) بۆشۈكىمىز ئۇلارغا بەك قىزىق تۇيۇلدى. ئومۇمەن بىزنىڭ ئۆزىمىزمۇ، تۇرمۇشىمىزمۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزمۇ، ئاش ـ تاماقلىرىمىزمۇ ــ ھەممىسى بۇ يەرلىك خەلق (ئۇيغۇرلار) ئۈچۈن تولىمۇ قىزىق ۋە ئۆزگىچە ـ تاماشا كۆرۈنەر ئىدى. بەك ساددا خەلق، ئەمما ياخشى سۈپەتلىرى كۆپ. ئۇلار بىزلەردىن ئۈلگە ئالدۇ، تۇرمۇشتا كېرەكلىك ھەربىر يېڭىلىقنى تېز ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تىرىشىدۇ. كىيىم ـ كېچەككە دەزمال سېلىشنى بىلمەس ئىدى، بىزدىن كۆرۈپ تېز ئۆگىنىۋالدى. ئوقۇغۇچى باللار كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى ياغلىقلارغا، لاتىلارغا يۆگەپ كېلىشەر ئىدى، بىز بىر ـ ئىككى ئوقۇغۇچىغا سومكا (بوغچا) تىكىپ بەرگەن ئىدۇق، ئاردىن بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، بارلىق ئوقۇغۇچىلار سومكا تۇتىدىغان بولۇشتى...»، «مەن قىز ئوقۇغۇچىلارنى قولۇمدىن كېلىشىچە ئۆز دەرىجىمىزگە يەتكۈزۈشكە تىرىشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسگە كۆڭلەك تىكىپ بېرىپ چۆچەك قىزلىرىغا ئوخشاش كىيىندۈردۈم. ئۇلار ئوقۇش ـ يېزىش، ھېساب دەرسلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. سۆزگە ئىشقا، قول ھۈنەرگە ئۆگەتتىم. پايپاق، چىلتەك، باش كىيىم كىيىشكە ئادەتلەندى.» ئۇزاق تارىختا ئاجايىپ پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان بىر مىللەتنىڭ پۇشتى بولغان ئاستانە خەلقى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئىرسىي ئەۋزەللىك سەۋەبىدىن نامرات بولسىمۇ غۇرۇرلۇق، قالاق بولسىمۇ ئىنتىلىشچان بولغاچقا يېڭىلىق، تەرەققىيات ھېسابلىنىدىغان ئامىللارغا ئالاھىدە ھېرىسمەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار پايدىلىق نەرسە بولسا قوللىغان، ئۆگەنگەن.

گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانە خەلقى توغرۇلۇق توختالغاندا مۇنداق يازغان: «شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، بىز بۇ ئۇيغۇرلارنى قالاق، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان خەلق ھېسابلىساقمۇ، بۇ يەردە ياشاش داۋامىدا بۇلاردىن بىرەر قېتىممۇ ئەدەپسىزلىك، تەربىيەسىزلىك، قوپاللىق كۆرمىدۇق. ئەكسىچە، ئۇلار مەدەنىيەتكە تەلپۈنۈش، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىش، ئۆگەتكۈچى - ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆزلىرىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىقلارغا يىرگىنىش قاتارلىق كۆركەم خۇلقلىرىنى ھەر كۈنى دېيەرلىك ئىپادە قىلار ئىدى.»

شۇنداق قىلىپ مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي ئىككىيلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتكەن. ئۇلار بۇ جەرياندا خېلىلا رىيازەت چەككەن. مۇھىببۇللا ئەپەندىنى بىر قېتىم چايان چېقىۋېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان. ھاۋاسى

سالقىن جايلاردا ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ ئىككىلەننى تۇرپاننىڭ ياز پەسلىدىكى تونۇردەك ئىسسىق ھاۋاسى بەكمۇ بىئارام قىلغان. ئەمما، پەزىلەتلىك بۇ مائارىپچىلار ئارتۇقچە ۋايسىمىغان. گۈلەندەم ئابىستاي خاتىرىسىدە يېزىشىچە گاھىدا ئۇ، بالىلىرى بىلەن ئىسسىقتىن، چاياندىن زارلىنىپ سۆزلىسە، مۇھەببۇللا ئەپەندى ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىز ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارغاندا، ھەرگىز دوزاخ ئازابىنى كۆرمەيمىز. چۈنكى مائارىپ نۇرىنى تارقىتىش يولىدا تارتقان بۇ ئازابلىرىمىز، ئەلۋەتتە، ھېسابقا ئېلىنغۇسى!» دەپ تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئىرادىسىنى چىڭىتىپ تۇرغان. جاپا-مۇشەققەتنى كۆرۈپ ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتمەيدىغان، ئوقۇتۇش، ئاقارتىش ئىشلىرىنى مۇقەددەس بۇرچ دەپ چۈشىنىدىغان بۇ بىر جۈپ مائارىپچى ئاستانە يېزىسىدا تۇرغان مەزگىلدە چايان ۋەھىمىسى بىلەن ئىسسىقنىڭ جاپاسىدىن باشقا ھېچقانداق مۇشەققەت كۆرمىگەن ياكى كۆڭۈل ئاغرىقى تارتمىغان. شەرت-شارائىت توغرۇلۇق توختالغاندا گۈلەندەم ئابىستاي مۇنداق يازغان: «مەكتەپ ۋە بىز تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ھەممە يېقى چوڭ باغ بولۇپ، يېمىش دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشىكىمىز ئالدىغىچە ھەر تۈرلۈك گۈل-چېچەكلەرنى تېرىۋەتكەن ئىدى. ئىشىكتىن چىقساڭ ئۆزۈڭنى نەق جەننەتتە تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن. ھازىر مانا يېمىشلەرنىڭ — ئۆرۈك، ناك، ئانار، نەشپۈت، شاپتۇل، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ پىشقان ۋاقتى بولۇپ، بۇ نازۇ نېمەتلەر كۈنبويى ئالدىمىزدا تۇرىدۇ...»

1922-يىلى 5-مارت كۈنى مۇھەببۇللا ئەپەندىنىڭ 42 يېشىدا جىددىي كېسەل بىلەن قازا قىلغانلىقى گۈلەندەم ئابىستاينىڭ بېشىغا كەلگەن زور كۈلپەت بولغان. بۇ ئېغىر مۇسىبەت گۈلەندەم ئابىستاينى بەكمۇ ھەسرەتتە قويغان. ئۇ قەدىناس ئېرى ۋە ئىلمىي ياردەمچىسى مۇھەببۇللا ئەپەندىدىن ئايرىلغان ئەھۋالدا ئىككى ئوغلى بىلەن ئاستانىدا داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كۆزى يەتمەي چۆچەكتىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن مۇھىتىلارنىڭ چوڭلىرىدىن رۇخسەت سورىغان. ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى «چوڭ ئاپا» (گۈلەندەم ئابىستاي مۇھىتىلارنىڭ ئانىسىنى خاتىرىسىدە باشتىن-ئاخىر شۇنداق ئاتىغان) ئابىستايغا «ئاۋۇستەي بالام، ئەمدى بىز مۇشۇ ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان بولدۇق، خۇدا خالىسا ئۆزۈم بىللە چىقىپ يولغا سېلىپ قويىمەن. سىزنى كېتىدۇ دەپ، ھەممىمىز خاپا، شۇنداقتىمۇ، ئەپەندىم بولمىغاندىن كېيىن سىزنى بۇ يەرلەردە تۇتۇپ قېلىش يەنىلا توغرا ئەمەس. يەنىلا ئۆز يۇرتىڭىزغا يېنىپ كەتكىنىڭىز سىز ئۈچۈن ئوبدانراق چېغى. ئەمدى سىزنى يولغا سېلىپ قويۇش — بىزلەرگە پەرز. بىزلەردىن رازى بولۇڭ! بىزلەر سىزنى قانداق رازى قىلىشنى بىلەلمەي خىجىل...» دېگەن.

گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانىدىن قايتىش ھارپىسىدىكى ئىشلارنى خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «ئەتىلىككە كېتىمىز دېگەن كۈنى مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئېلىپ قەدىرلىك دوستۇمنىڭ— مەرھۇمنىڭ قەبرىسىگە خوشلىشىشقا باردىم. ئۇ يەردە ئەلپەتتە غوجام مازىرىدا تۇرغۇچى قارىي قۇرئان ئوقۇدى. ئۇنىڭغا سەدىقە بەردىم ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە مۇئەللىمگە ئاتاپ دۇئا ئوقۇپ تۇرۇشنى ئۆتۈندۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ قەبرىسىگە كۆز ياشلىرىمنى ئېقىتىپ يىغلىدىم. يىراقتىكى يۇرتقا ئىككى بالامنى ئەگەشتۈرۈپ، قانىتى سۇنغان قۇش ئوخشاش كېتىدىغانلىقىمنى زارلىنىپ-مۇڭلىنىپ سۆزلىدىم، مەڭگۈگە خوشلاشتىم... مەن يىغلاپ-قاقشاپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە، ئۇ يەرگە خوتۇن-قىزلار، ئوقۇغۇچىلار توشۇپ كېتىپتۇ. داستىخان سېلىپ تۈرلۈك تائاملارنى تىزىپ، چاي ھازىرلاپ مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك كۆركەم مۇئامىلىسىگە بىر ياقتىن ھەيران قېلىپ ئەجەبلەنگەن بولسام، يەنە بىر ياقتىن ئوڭايسىزلىنىپ ئۈيىلىپ كەتتىم.»


مۇھەببۇللا ئەپەندىنىڭ تۇرپان ئاستانىدىكى قەبرىسى

مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ چوڭلىرىدىن چوڭ ئانا، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ھەيدەر سايرانى ئەپەندى قاتارلىقلار كېڭىشىپ گۈلەندەم ئابىستاينى ھۆرمەت - ئىكرام بىلەن 1922-يىلى 8-ئىيۇن كۈنى ئىككى ھارۋىدا ئۈرۈمچىگىچە ئۇزىتىپ ماڭغان. گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ مۇھىتىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان ئىنسانىي مۇئامىلىلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، بەرگەن ئىش ھەققىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇلارغا كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرگەن. ئۇلار تۇرپاننىڭ داۋانچىڭ ئارقىلىق بەش كۈن يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقاندا گۈلەندەم ئابىستاينىڭ ئىككىنچى ئوغلى فەرىدكە چېچەك يۇقۇپ قالغان. ئۇلار ئۈرۈمچىدە «چوڭ ئاپا» نىڭ قۇدىسى ئابدۇجەلىل باينىڭ قورۇسىدا بىرنەچچە كۈن تۇرغان. فەرىدنىڭ چېچەكلىرى ئۆچۈپ ساقايغان. گۈلەندەم ئابىستاينىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ئۇققان بىر قىسىم تاتارلار ئۇنى يوقلاپ ئەھۋال سوراپ كەلگەن. چۆچەكتىكى

چاغدا قىزلىرى گۈلەندەم ئابىستايدا ئوقۇغان رەھىمجان باي(رەھمانبايېۋ) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر گۈلەندەم ئابىستاينى كونسۇل كوچىسىدىكى ھەشەمەتلىك قورۇسىغا چۆچەككە ماڭىدىغان كىراكەش تېپىلغۇچە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتكەن. گۈلەندەم ئابىستاي رەھىمجان باينىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىنى ۋە ئۇلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرگەن چاغدىكى ھەيرانلىق ھېسسىياتىنى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «ئۈرۈمچىنىڭ ياڭخاڭ دېگەن كوچىسىدىكى چوڭ ھويلا، چىرايلىق سېلىنغان ئۆيلەر، ياسداق جاھازلانغان بۆلمىلەر، ئۆي ئارقىسىدا كاتتا باغ، باغ ئوتتۇرىسىدا شارىلداپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ، شۇ ئۆستەڭ بويىدا چىرايلىق شىپاڭلار. بايلارنىڭ بايلارچە باياشات، ئازادە، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشلىرى. تېخى يېقىندىلا شۇ يەردە چوڭ قىزى تاجى خانقىزنى ئەمىنجان باينىڭ سالىجان ئىسىملىك ئوغلىغا بېرىپ، توي ئۆتكۈزگەن ئىكەن. توي تېخى تۈگىمىگەن بولۇپ، مېھماندارچىلىق، ئويۇن ـ كۈلكە داۋاملىشىۋاتقان ئىدى. ئومۇمەن، شاد ـ راھەت ياشايدىكەن. بۇ دۇنيادا پېقىرلىق، مۇساپىرلىق، قايغۇلۇق قارا كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى بۇ ئائىلە كىشىلىرى ئويلاپمۇ قويمايدۇ ۋە بىلمەيدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇلار بەختلىك ياشىشىدۇ.

ئۇلار كېچىچە ئويناپ ـ كۈلۈشۈپ، يەپ ـ ئىچىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەچ ياتقانلىقتىن، ئەتىسى بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتتىق ئۇيقۇدا ياتىدۇ. مەن بولسام ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ، كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن، فەردىنى كۆتۈرۈپ باغقا چىقىمەن. ئۇنى باغرىمغا بېسىپ، ئۇنىڭ تىرىك قالغانلىقىغا شۈكرانىلىك بىلدۈرۈپ، ئۆزۈمگە تەسەللى تاپىمەن. سائەت توققۇزلاردا ئائىلىدىكىلەر بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ، كېيىن كۆركەم شىپاڭلاردا چاي ئىچىشىدۇ. يەنە يېيىش ـ ئىچىش باشلىنىپ، مېھمانلار كېلىشكە باشلايدۇ، كۈنلەر يەنە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن ئۆتىدۇ...‹بۇ دۇنيادا بۇنداق تۇرمۇشلارمۇ بار ئىكەن ـ ھە!› دەپ، ھەيران بولۇپ قاراپ قالىمەن. ئاھ، بايلار شۇنداق ياشار ئىكەن! ...

بەزى كۈنلىرى مېنى ئەمىنجان باينىڭ ئايالى، ئايشاخان تەتەلەر چاقىرىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ 2 ــ 3 كۈن تۇرۇپ يېنىپ كېلىمەن. ئۇلارمۇ ئاشۇنداق بايلارچە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ!»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يارقىن غايىگە، ئۈچمەس ئەقىدىگە ئىگە مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزىنىڭ مائارىپچىغا خاس قىممەت ئۆلچەملىرى بىلەن بۇ بايلارنىڭ راھەت ـ پاراغەت ئىچىدىكى چۈشكۈن تۇرمۇشىغا تەنقىدىي نەزەر تاشلىغان.

گۈلەندەم ئابىستاي ئۈرۈمچىدە بىرەر ئايچە تۇرۇپ، چۆچەكلىك گەرەي چانىشېۋ دېگەن كىراكەشكە 300 سەر كىرا ھەققى بېرىپ ھارۋا بىلەن چۆچەككە قاراپ يول ئالغان. گۈلەندەم ئابىستايلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن چۆچەككىچە بولغان بۇ سەپىرى تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولغان. بۇ توغرۇلۇق ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «سەپىرىمىز تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولدى. يولىمىز ئېغىر، ئاتلار ئورۇق، قۇتۇبى، ماناس، شىخۇ دەريالىرىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ تاشقىن كەلگەن چاغ؛ ماناس دەرياسىدىن يوغان ئىككى چاقلىق پېڭلىق، سۇدا ئۈزەلەيدىغان ئالتە يەتتە ئات قېتىلغان ‹خانلىق› ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ئۆتتۇق. بۇ دەريالارنىڭ بىرەرسىدىمۇ كۆۋرۈك يوق ئىكەن. سەھەر سۇ ئازايغان چاغدىلا ئۆتۈشكە مۇمكىن بولۇپ، چۈشتىن كېيىن سۇ ئۇلغايغان ۋاقىتتا دەريادىن ئۆتكىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ ھارۋىكىشى ئاۋبەكر دېگەن 14 ــ 15 ياشلاردىكى قازاق مالاي بولۇپ، تەجرىبىسىز، دىتسىز ئىكەن. ئۆمرىدە ئات ھارۋا دېگەننى ھەيدەپ كۆرمىگەن ئوخشايدۇ. ھارۋىمىزنى نەچچە قېتىم ئاغدۇرۇۋەتتى...» ئۇلار 1922 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست، يەنى قۇربان ھېيتنىڭ 2 ـ كۈنى چۆچەككە يېتىپ كەلگەن. چۆچەكتىكى تاتار جامائىتى گۈلەندەم ئابىستاينى بەكمۇ قىزغىن كۈتۈۋالغان. چۈنكى گۈلەندەم ئابىستاي تۇرپانغا كەتكەن يىللاردا چۆچەكتىكى تاتارلار قىزلىرىنى تەربىيىلىگۈدەك بىرەر يارامLIق ئايال مۇئەللىمگە ئېرىشەلمىگەن. گۈلەندەم ئابىستاي بۇ ئەھۋالنى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: «بىزلەر كېتىپ شۇ كۈنگە قەدەر چۆچەك قىزلىرى بىرەر مۇئەللىمدىن تۈزۈككىنە تەلىم ـ تەربىيە ئالالماپتۇ. ئەكرەم ھەزرەتنىڭ قىزى جەننەت خانقىز شەمەيدىن كېلىپ بىر قىش ئوقۇتقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى يىلى ئۇ ۋاپات بولۇپتۇ. مۇرات ئەپەندىنىڭ قىزى فاتىمەمۇ ئوقۇتماقچى بولغان ئىكەن، بىراق نېمە سەۋەبتىندۇر قىزلارنىڭ ئوقۇغۇسى كەلمەي، دەرسكە كەلمەپتۇ. مۇرات ئەپەندىدىن قورققان ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قىزلىرىلا ھازىرغا قەدەر ئوقۇۋېتىپتۇ. گۈلسۇم ئابىستاي ئىسىملىك بىر خانىممۇ ئازراق قىزلارنى ئوقۇتۇۋېتىپتۇ. يەنە رۇسىيەدىن كەلگەن بىر تاتار قىزى مۇئەللىمە بولۇپ قىزلارنى بىرەر يىل ئوقۇتقان ئىكەن، كېيىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپتۇ. ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق ئىكەن...»

گۈلەندەم ئابىستاي چۆچەككە كەلگەندىن كېيىن چۆچەكتىكى تاتار بايلىرىدىن مىريۇسۇف بىلەن فەيزراخمان گۈلەندەم ئابىستايغا قىزلارنى ئوقۇتۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مائارىپقا بولغان ئەقىدىسى زىيادە كۈچلۈك تۇغما مۇئەللىم گۈلەندەم ئابىستاي بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ 60 ــ 70 تەك قىزنى مەلۇماتىغا قاراپ 1 ـ سىنىپتىن 4 ـ سىنىپقىچە ئايرىپ ئوقۇتۇشنى باشلىغان. شۇ يىلى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى فاتىخ رۇس مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1923 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گۈلەندەم ئابىستاي بۇ ئوقۇغۇچىلىرىدىن چۆچەك جامائىتىنىڭ ئالدىدا

ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ، كىشىلەرنى بەكمۇ قايىل قىلغان. شۇ يىلى كۈزدە خەسەن ئاقساقال دېگەن تاتار باي «خەسەن ئاقساقال مەكتىپى» دېگەن مەكتەپنى قۇرۇپ، بۇنى مەخسۇس قىزلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ قىلغان. بۇ مەكتەپكە گۈلەندەم ئابىستايىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. گۈلەندەم ئابىستاي 15 ياشلىق ياردەمچىسى گۈلسۇم بىلەن 70 تەك قىزنى بىرگە ئوقۇتۇشقا باشلىغان. بۇ مەكتەپ مەشھۇر تاتار مائارىپچى ئابدۇللا بوبى 1914-يىلى غۇلجا شەھىرىدە قۇرغان «مەكتەبى نۇر» ناملىق قىزلار مەكتىپىدىن كېيىن قۇرۇلغان قىزلار ئۆلچەملىك مەكتىپى ئىدى. خەسەن ئاقساقال 1927-يىلى مەكتەپ قىلغان ئۆيلىرىنى قايتۇرۇۋالغان. ۋىجدانلىق، مائارىپ ئەقىدىسى كۈچلۈك گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزى مەكتەپ قۇرۇش قارارىغا كېلىپ ئەينى ۋاقىتتا يولدىشى مۇھبۇللا ئەپەندىدىن قالغان 1000 سەر پۇلغا ئۆزى ئىقتىساد قىلىپ توپلىغان 2000 سەر پۇلنى قوشۇپ، 1928-يىلى چۆچەك شەھىرىدىكى كۆك كۆۋرۈكنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆستەڭ بويىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ مەكتەپ سېلىشقا تۇتۇش قىلغان. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن مۇھبۇللا ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرى 1000 سەر پۇل ئىئانە توپلاپ ياردەم قىلغان. نەتىجىدە، گۈلەندەم ئابىستاي بۇ مەكتەپنى 1928-يىلى 9-ئايدا پۈتكۈزۈپ ئوقۇش باشلىغان. چۆچەك خەلقى بۇ مەكتەپنى گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ نامىدا «مەكتەبى گۈلەندەمىيە» دەپ ئاتىغان. لېكىن، گۈلەندەم ئابىستاي ئۆزى بولسا باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ تۇرپاندا تۇغۇلغان ئىككىنچى ئوغلى فەرىد قازا قىلىپ كەتكەن.

گۈلەندەم ئابىستاي بۇ مەكتەپنى بەكمۇ ياخشى باشقۇرغان. بۇ مەكتەپنىڭ داڭقى ئۇزاق ئۆتمەي ئەتراپقا تارالغان. 1934-يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرى يېڭى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. 1938-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قۇربان سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بېرىپ قايتىشىدا چۆچەككە چۈشۈپ، مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە «مەكتەبى گۈلەندەمىيە» نى ئالاھىدە ماختىغان. شۇ يىلى كۈزدە بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈلگەن ھەمدە مۇھەممەتتىنىڭ چۆچەكتىكى سودا كانتورى قورۇسىغا كۆچۈپ كىرگەن. بۇ قورۇ 1937-يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن «خائىننىڭ مۈلكى» دەپ مۇسادىرە قىلىنغانىدى. مەكتەپنىڭ نامى «چۆچەك 1-قىزلار مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەمما چۆچەك خەلقى بۇ مەكتەپنى يەنىلا «مەكتەبى گۈلەندەمىيە» دەپ ئاتاشقان. 1939-يىلى چۆچەك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن 7 نەپەر ئوقۇغۇچى بۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان.

تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، مىجەزى مۇلايىم، ئېسىل خىسلەتكە، ئوقۇتۇش جەھەتتە ئالاھىدە مېتودقا ئىگە گۈلەندەم ئابىستاي بۇ مەكتەپنىمۇ ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇپ، چۆچەك خەلقىنىڭ ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىغا ئېرىشكەن.




گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ ئوقۇغۇچىسى غەيىشە جانشىۋانىڭ ئالبومىغا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسى

1944-يىلى يازنىڭ ئاخىرلىرى نىلقا تاغلىرىدا ئىنقىلاب پارتلىغان. 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. ئەنە شۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشكەن. 1945-يىلى دېكابىر ئېيىدىكى تەكشۈرۈشتە «مەكتەبى گۈلەندەمىيە» دە 170 نەپەر ئوقۇغۇچى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. 1946-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە مەكتەپلەرنى ھەر تەرەپتىن باھالاشتا «مەكتەبى گۈلەندەمىيە» نىڭ نەتىجىسى چۆچەك شەھىرى بويىچە بىرىنچى بولغان. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى گۈلەندەم ئابىستاي قاتارلىق مائارىپچىلارنى مۇكاپاتلىغان. گۈلەندەم ئابىستاي مۇشۇ مەزگىلدە يەنە ۋىلايەتلىك قىز-ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلىنىپ، ھەر مىللەت قىز-ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر مىللەت خەلق مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان زور تۆھپىسى ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈرەش ئوردېنى ۋە ساداقەت مېدالىغا ئېرىشكەن ھەم باشقا مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلانغان. تارباغاتاي «ئىنقىلابىي ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 1947-يىلىدىكى 3-سانىغا گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ تۆھپە-ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان «بىزنىڭ ياخشى ئانىمىز» دېگەن ماقالە بېسىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە

تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

1952 ـ يىلى «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتتە كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى كۆرۈلگەندە سەيپىدىن ئەزىزى مەركەز ئەۋەتكەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر شى جۇڭشۈن بىلەن بىرگە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال غۇلجىغا بارغان. غۇلجىدا بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن شى جۇڭشۈن بېيجىڭغا قايتىپ كەتكەن. كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باش بولۇپ چۆچەككە بارغان. شۇ چاغدا «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەت بەك كېڭەيتىلىپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، چۆچەكتە 11 ئادەم ئېتىپ تاشلانغان ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ 20—30 دەك مەشھۇر كىشىسى قاماپ قويۇلغان ئىدى. شۇ قاتاردا مەشھۇر مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستايمۇ تۈرمىگە قاماپ قويۇلغان ئىدى. بۇ ئىش چۆچەك خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. سەيپىدىن ئەزىزى 1940 ـ يىللاردا بىرنەچچە يىل چۆچەكتە خىزمەت قىلغاچقا، گۈلەندەم ئابىستاينىڭ تۆھپىسىنى، پەزىلىتىنى ئېنىق بىلەتتى، خەلق ئىچىدىكى تەسىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ گۈلەندەم ئابىستاينى «چۆچەك زىيالىيلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ قارايتتى. ئۇ گۈلەندەم ئابىستايغا قىلىنغان مۇئامىلىگە قاتتىق نارازى بولغان. سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى شۇ قېتىمدا باشباشتاقلىق بىلەن ئىش كۆرگەن بەزى مەسئۇل رەھبەرلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئاقلىغان. شۇ قاتاردا گۈلەندەم ئابىستايمۇ ئاقلانغان. ياندۇرقى يىلى، يەنى 1953 ـ يىلى گۈلەندەم ئابىستاي شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزالىققا سايلانغان. 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ قازاقىستاننىڭ ئۇلجار (ئۇلۇغيار) شەھىرىگە ئورۇنلاشقان. 1972 ـ يىلى ۋاپات بولغان.



1942 ـ يىلى تارتىلغان بۇ سۈرەتنىڭ 2 ـ رەت ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئايال گۈلەندەم ئابىستاي

گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ 3 ـ دەپتىرى 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بالىسى فاتىخ تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنگەن. قايتىدىغان چاغدا بۇ خاتىرە تاموژنا خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان. كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تاتار زىيالىي زارىف دۆلەت ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تاموژنا ئىدارىسىدىن قايتۇرۇپ چىقىلغان. 2009 ـ يىلى زارىف دۆلەت ئەپەندى قازا قىلغاندا، ئايالى بۇ خاتىرىنى تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىگە بەرگەن. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى قازا قىلغاندىن كېيىن بۇ خاتىرە دەپتەر ئۇنىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان قىزى خالىدە خانىمنىڭ قولىدا قالغان. خالىدە خانىمنىڭ ئانىسى ئەنۋەرە ئىسمائىلوۋانى گۈلەندەم ئابىستاي 1930 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى چۆچەكتە ئوقۇتقان بولغاچقا، خالىدە خانىم گۈلەندەم ئابىستاي ھەققىدە خېلى پىششىق تونۇشقا ئىگە ئىدى. خالىدە خانىم ئۆزىنىڭ مىنكاۋخېن بولۇشىغا قارىماي بۇ قول يازمىنى غەيرەت ۋە مۇھەببەت بىلەن تاتارچىدىن ئانا تىلىمىزغا ئۆرۈپ چىققان. مەن 2010 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، يەنى روزى ھېيتتا بۇ قول يازمىنىڭ خالىدە خانىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئالاقىلىشىپ سوراپ ئېلىپ ئوقۇپ چىقتىم ھەمدە تىل ـ يېزىق تەتقىقاتچىسى ۋە تەرجىمان يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، خالىدە خانىمنىڭ تەرجىمىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئەپەندى زور ئەجىر بىلەن بۇ خىزمەتنى تاماملاپ پۈتكۈزۈپ بەردى. بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ 3 ـ دەپتىرىدىن باشقىسى تېخى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

گۈلەندەم ئابىستاي يازغان كۈندىلىك خاتىرىنىڭ تېپىلىشى شىنجاڭ يېقىنقى مائارىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش دەۋرىدىكى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ چاغقىچە مىللىي مائارىپ — ئاقارتىش ھەرىكىتىگە دائىر بۇنداق ئىنچىكە، تەپسىلىي يېزىلغان خاتىرە تېپىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇ خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىملاسىدىن قارىغاندا ھەم مەلۇم جايىدا بېرىلگەن ئىزاھاتنىڭ ئارقىسىغا يېزىپ قويۇلغان «ف خ» دېگەن ھەرپتىن قارىغاندا بۇ كۈندىلىك خاتىرە گۈلەندەم ئابىستاينىڭ خاتىرىسى ئاساسىدا ئوغلى فاتىخ خەببۇللىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

گۈلەندەم ئابىستاي يازغان كۈندىلىك خاتىرىنىڭ تېپىلىشى بىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق، لېكىن كۆپ ئەپسۇس، ئۇشبۇ كۈندىلىك خاتىرىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ دەپتەرلىرى ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى بۆلۈملىرى توغرىسىدا ھېچبىر ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. مۇبادا بۇ دەپتەرلەر تېپىلىپ قالسا ئىدى، بىز ئۈچۈن تېخىمۇ خۇشاللىق ئىش بولاتتى.

2010 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


[1] ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 - يىلى (ئۇيغۇرچە) نەشرى.

[2] مالىك چانىشېۋ: «جوڭگو تاتار مائارىپ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى (ئۇيغۇرچە) نەشرى.

[3] ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۆچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

[4] گۈلەندەم خەبىبۇللىنا: «كۈندىلىك خاتىرە»(3 - دەپتەر)، خالىدە ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق تاتارچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان قول يازما نۇسخا.

[5] ئابلىمىت ھاجىيوف: «چۆچەك مائارىپىنىڭ 40 يىلى»، بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

[6] تاھىر تاشبايېۋ، ياڭ رىنجى: «تارباغاتاي ئايااللار مائارىپىنىڭ پېشۋاسى — گۈلەندەم خەبىبۇللىنا». بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 5 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

[7] ئۆمەرجان سىدىق: «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى — مۇھىتلار جەمەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى.

[8] مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق: «تۇرپان ئاستانىدا يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى». بۇ ماقالە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

[9] ئىبراھىم نىياز: «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپى ۋە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ھەققىدە خاتىرىلەر»، بۇ ماقالە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

[10] ئابدۇراخمان ئابدۇللا: «مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر، ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى». بۇ ماقالە «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى» (3)، 1995 - يىل بېسىپ تارقىتىلغان نۇسخا.

[11] «تۇرپاندا يېقىنقى زامان مەدەنىيەت- مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى». بۇ ماقالە كوللېكتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، «تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى« (1) نىڭ 1988 - يىلى بېسىپ تارقىتىلغان نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلگەن.

[12] ئابدۇراخمان ئابدۇللا:«تاشكەنتچىلەر»(ئۈچ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2002- ،2003- ،2006-يىلى نەشرى.

[13] بۇرھان شەھىدۇللىن: «ئۆتمۈشتىن ئۈچۈرلار». بۇ ماقالە تارىخچى ۋە تەرجىمان ئۆمەرجان نۇرىنىڭ تاتارچىدىن تەرجىمە قىلىپ تەييارلىشى بىلەن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 4 - ساندا ئېلان قىلىنغان.


---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

1. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

2. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت- ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. يېزا- قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان- رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر- جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

5. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

7. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

**— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ساۋاتلىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە نۇزۇگۇمنى بىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك، ھېچبولمىغاندا ئاڭلاپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما نۇزۇگۇم تېمىسىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان يازغۇچىلار تەرىپىدىن، ئوخشىمىغان ژانىردا قايتا ـ قايتا يېزىلغانلىقىنى بەلكىم خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلمىسە كېرەك. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ قەھرىمانىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئۇلارنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، قەھرىمانلىرىغا ئاتاپ ئەسەرلەر يېزىشىدۇ.

مەلۇمكى، «نۇزۇگۇم» تېمىسىغا ئوخشاش، ئوخشىمىغان يازغۇچى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان ماكان، زامانلاردا تەكرار يېزىلىدىغان بۇنداق ئىجادىيەت ھادىسىسى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ھەرگىزمۇ يېگانە ھادىسە ئەمەس. مەيلى غەرب ئەدەبىياتىدا، مەيلى شەرق ئەدەبىياتىدا بولسۇن بۇنداق ھادىسىلەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكىلا يەككە ھادىسە ئەمەس. «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بىزدە تەكرار ـ تەكرار يېزىلىشىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزى بار. تۆۋەندە بىز مەزكۇر ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ شەرق ـ غەرب ئەدەبىياتىدىكى ۋە شۇنداقلا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نامايەندىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. روشەنكى، بۇنىڭ مەزكۇر ئىجادىيەت ھادىسىسىنى توغرا، ئىلمىي چۈشىنىشىمىزدە ياردىمى زور.

«نەزىرە» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي ئەرەبچىدىن كەلگەن بولۇپ، «ئوخشاش»، «بىردەك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئەمما، ئىسلام كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇ «تەقلىد قىلىش» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. نەزىرە دېگىنىمىز ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياكى زامانداش ئەدىبلەرنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش قىلىپ ياكى ئۇنىڭغا جاۋاب تەرىقىسىدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى، ئىككىنچى بىر شائىر (ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياكى زامانداش)نىڭ شېئىرىغا ۋەزىن، شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش قىلىپ يېزىلغان شېئىر[1]. تېخىمۇ چۈشىنىشلىك دېگەندە، نەزىرە باغلاش ھادىسىسى ئەسلىدە يېزىلىپ بولغان مەلۇم بىر ئەسەرنى دوراپ، شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىجادىيەت ھادىسىسىدۇر.

ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى نوقۇل دوراپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئەسلىي ئەسەرنىڭ تېما، سۇژېت، بەدىئىي ئوبراز قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش، ئىمكانقەدەر ئەسلىي ئەسەردىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئۆزىگە خاس سەنئەت قىممىتى يارىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسى، شۇ دەۋرنىڭ روھى سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇنى ئەسلىي ئەسەرنى كۆچۈرۈپ قويۇش دەپ چۈشەنسەك خاتالاشقان بولىمىز.

شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا «نەزىرە» ئەنئەنىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە بىر قەدەر قىسقىراق ئەسەرلەردە مەيدانغا كەلگەن، كېيىن

10 ــ 12ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نۇرغۇن زور ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن «نەزىرە» يازغۇچىلار دىققىتىنى يىغىدىن مەيدانغا كەلگەن چوڭ ئەسەرلەرگە قارىتىشقا باشلىدى. بۈيۈك پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ (934 ــ 1020) «شاھنامە»سى ۋە نىزامى گەنجەۋىنىڭ (1029 ــ 1141) «خەمسە» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەدىب، شائىرلار خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك، بەس ـ بەستە «نەزىرە» يېزىشقا كىرىشىپ، شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا «نەزىرە»يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى[2].

ماھىيەتتە، نىزامى گەنجەۋىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن «خەمسە»چىلىك قىزغىنلىقى دەل «نەزىرە»دىن ئىبارەت ئەنە شۇنداق بىر خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزگىچە مەنبە قىلغانىدى. شۇنداقلا، بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى شەرق ـ ئىسلام ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، مەلۇم دەرىجىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غەرب ئەدەبىياتىغىمۇ قىسمەن تەسىر كۆرسەتكەن. مەشھۇر ياۋروپا ئەدىبلىرىدىن گىيوتې، ھيۇگو، ھېينى، پۇشكىن قاتارلىقلارمۇ ياۋروپا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ يېڭى ئەسەر يازغان ھەمدە ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلغان مەلۇم تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان.

گىيوتې بالدۇرلا ئىسلام ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ھەۋەس قىلغان. ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ھەم بىر پارچە «مۇھەممەد ناخشىسى» دەيدىغان شېئىر يازغان. 1813ـ يىلى ھاپىزنىڭ گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلار توپلىمىدىن ئىلھاملىنىپ«شەرق ـ غەرب شېئىرلار توپلىمى»نى يېزىپ چىققان... ئەنگلىيەنىڭ ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىرى ماسيۇ ئارنولد (Mathew Arnold 1888 ــ 1822)نىڭ بىر ئۇزۇن داستانى «سۇھراب بىلەن رۇستەم» (1853ـ يىلى يېزىلغان) مۇ دەل فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى ئىچىدىكى شۇ ناملىق بابقا تەقلىد قىلىنغان[3].

دېمەك، نەزىرە ئەنئەنىسى شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئەنئەنىسى بولۇپ، بۇ پارس ـ تۈركىي تىلىدىكى ئەدىبلەرگە جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىن، غەرب ئەدەبىياتىدىمۇ ئىلگىرىكى كونا تېما، رىۋايەتلەر ئاساسىدا قايتا يېڭىدىن ئەسەر يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

«پرومېتې» قەدىمكى يۇناندىكى بىر رىۋايەت. ئۇنى ئەيسكىلوس مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500ـ يىللاردا ترىلوگىيە قىلىپ يېزىپ چىققان. ترىلوگىيەنىڭ 1ـ قىسمى پۈتۈپ، 2ـ، 3ـ قىسمى تاماملىنالمىغان. گېرمانىيە شائىرى گىيوتېمۇ «پرومېتې»نى ئەسلىدىكى دېتاللاردىن پايدىلىنىپ قايتا يېزىپ چىققان، ئەمما تولۇق تاماملىيالمىغان[4].

يەنە 1819ـ يىلى ئەنگلىيەلىك شائىر شېللېي(1792ـ 1822) شېئىرىي دراما «ئازاد قىلىنغان پرومېتې»نى قايتا يېزىپ چىققان. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپ قالغان[5].

1816ـ يىلى ئەنگلىيە شائىرى بايرون (1788ــ 1824) شېللېينىڭ تەسىرى بىلەن «پرومېتې»نى يەنە يازغان. «دون جۇئان» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا ئىلگىرىدىن باشلاپ تارقىلىپ كەلگەن، ئەمما بۇ تېما 1630ـ يىلدىن تاكى 1912ـ يىلغىچە ئوخشىمىغان نام، ئەمما ئوخشاش تېمىدا قايتا ـ قايتا يېزىلغان.

16ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 17ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئەدەبىيات ئالتۇن دەۋرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، كۆزگە كۆرۈنگەن دراماتورگى تىرسو مولىنا 1630ـ يىلى «دون جۇئان»نى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ 1912ـ يىلغىچە 14 نەپەر يازغۇچى تەرىپىدىن تەكرار يېزىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچىلاردىن فرانسىيەنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ئالېكساندىر دۇماس (1802 ــ 1870)، ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق شائىرى بايرون (1788ــ1824)، مەشھۇر رۇس شائىرى پۇشكىن (1799 ــ 1837) ۋە فرانسىيەنىڭ شائىرى، مەشھۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىسى بودلېر (1821 ــ 1862) قاتارلىقلار بار.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش فائۇستمۇ 16ـ ئەسىردىكى بىر شەخس بولۇپ، كېيىن خەلق رىۋايەتلىرىدە سېھىرگەرلىكنى بىلىدىغان سىرلىق شەخس سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. شۇنداقلا، 1857ـ يىلدىن باشلاپ، 1947ـ يىلغىچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە ئون نەچچە قېتىم تەكرار يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچىلاردىن شېكىسپىردىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر ئەنگلىيە دراماتورگى كرىستوفېر مارلوۋ (1564ــ1593)، مەشھۇر گېرمان يازغۇچىسى گىيوتې، ھېنرىخ ھېينى (1797ــ1856)، 1929ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گېرمان يازغۇچىسى توماس مان(1875 ــ1955 ) قاتارلىقلار بار[6].

يەنە ئىسپانىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ مەشھۇر رومانى «دونكىخوت»مۇ 1605 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ يەنە 1614 ـ يىلى ئالونسو فېرناندىس دېگەن يازغۇچى نامىدىن ئۇنىڭ داۋامى يېزىلغان. ئەمما، بۇ دەل ئاقسۆڭەكلەر كاتولىك پوپلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ، سېرۋانتېسقا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ رومانىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن يېزىلغان[7].

شۇنداقلا يەنە ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «جاۋ ئائىلىسىنىڭ يېتىم ئوغلى» دەيدىغان شېئىرىي دىرامىسى ياۋروپادا كەڭ تارقىلىپ تەسىر قوزغاش بىلەن بىرگە نۇرغۇن يازغۇچىلار تەرىپىدىن قايتا يېزىلغان. بۇ دىراما 18 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، فىرانسىيەگە كىرگەن. ناھايىتى تېزلا ئىنگلىز، گېرمان، ئىتالىيان، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. 741 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك رىچارد خۇرد (Richard hurd) تەرىپىدىن «جۇڭگولۇق يېتىم ئوغۇل» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1752 ـ يىلى ئىتالىيە دىراماتورگى پېترو تاستاسىئو (Pietro Me Tastasio) «جۇڭگو قەھرىمانى» دەپ يازغان. 1755 ـ يىلى مەشھۇر فىرانسىيە ئەدىبى، مۇتەپەككۇرى ۋولتېر بۇ دىرامىنىڭ ئىلھامىدا بەش پەردىلىك بىر شېئىرىي دىراما يېزىپ، پارىژدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ زىلزىلە قوزغىۋەتكەن. شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ تېزلا ئىنگلىزچە، ئىتالىيانچە تەرجىمىلىرى بارلىققا كەلگەن[8].

دېمەك، بۇ يەنە باشقا ئەل ئەدەبىياتىدىمۇ كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سارشارمۇ ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم ئۇنىڭ رومانى «دونكىخوت»نى ئوردۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. شۇنداقلا، شۇنىڭ تەسىرىدە «ئازاد ھەققىدە رىۋايەت»ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان. رومانىنىڭ ۋەقەلىك، سۇژىتى «دونكىخوت»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. يازغۇچى ئۆزىمۇ بۇنى تىلغا ئالغان. رومانىنىڭ باش پېرسوناژى ئازادمۇ ماھىيەتتە دونكىخوتقا تەقلىد قىلىنغان. ئازادنىڭ ھەمراھى خۇچ دونكىخوتنىڭ ھەمراھى سانچوپانسوغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئوردۇ تىلى ئەدەبىياتىدىكى «سانچو پانسو» بوپقالغان[9].

خەنزۇ ئەدەبىياتى، شۇنداقلا شەرقتىكى قوشنا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ بۇنداق ھادىسە كۆرۈلگەن. تاڭ دەۋرىدىكى جىن ـ ئەرۋاھلار ھەققىدىكى رومانلار چاۋشيەنگە كىرگەندىن كېيىن چاۋشيەن يازغۇچىسى جىن شىشى شۇ رومانغا تەقلىد قىلىپ «ئالتۇن بېلىق ھەققىدە يېڭى پاراگلار» ناملىق رومانىنى يازغان. كېيىن يېزىلغان «ماۋۇنىڭ تەرجىمھالى»، «جۇماۋنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق رومانلارمۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ كىلاسسىك رومانى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»گە تەقلىد قىلىنغان... يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئايال يازغۇچىسى خۇاڭ لۈيىن گيوتىنىڭ رومانى «ياش ۋېتېرنىڭ دەردى»گە تەقلىد قىلىنغان رومانىنى ئېلان قىلغان[10]. ھازىرمۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىغا سەل دىققەت قىلغانلارغا مەلۇمكى، خەنزۇلارنىڭ كىلاسسىك رومانلىرىدىن «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق رومانلاردىكى ۋەقەلىكلەرگە تەقلىد قىلىنغان ياكى ئۇنىڭ داۋامى قىلىنغان ئەسەرلەرنى تولا ئۇچرىتىمىز ھەم بۇ ھەقتە كىنو، تېلېفىلىملارمۇ ئىشلەندى.

دېمەك، ئەدەبىياتتا ئوخشاش بىر تېمىنىڭ تەكرار يېزىلىش ھادىسىسى پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ھادىسىدۇر. بۇ خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسى پەقەت مەلۇم مىللەت ئەدەبىياتىدا باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىن كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تامامەن يوق بولۇشى ناتايىن.

ئۇنداقتا، بۇ خىل ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا قانداقراق ئورۇن تۇتىدۇ؟

شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ «نەزىرە» باغلاش ھادىسىسى ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان ۋە كۆپ قوللىنىلغان. مېنىڭچە بۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار ھەر قانداق كىشىگە تولىمۇ ئايدىڭ بىر پاكىت. گەرچە بۇ يەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەكرار يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇرلىرىنى تىلغا ئېلىش زۆرۈردۇر.

نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ «خەمسە»سىدىن ئوزۇق قوبۇل قىلىپ ئەسەر ئىجاد قىلغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيگەن. بەزى ئۇيغۇر يازغۇچىلار نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى نەسرىي تىلغا ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ ئاددىي، ئاممىباب تىل بىلەن خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقچى بولغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى چۈشىنىشلىك تىل بىلەن نەسرىي

شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش بىر دولقۇنغا ئايلانغان. 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن شائىر مەھزۇن نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرغان ھەم ئۇنىڭغا «شاھزادە پەرھاد ۋە مەلىكە شىرىن» دەپ نام قويغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن يەركەنلىك ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندى نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىدىن «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»نى تاللاپ نەسرىي شەكىلدە قايتا يېزىپ چىققان. موللا سىدىق يەركەندى نەۋائىينىڭ پۈتۈن خەمسەسىنى «نەسرىي خەمسە»گە ئايلاندۇرغان.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى موللا پازىل 1705 ـ يىلى نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىن پايدىلىنىپ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى يېزىپ چىققان.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بولسا نەۋائىيدىن كېيىنكى ئەڭ ھوسۇللۇق ئۇيغۇر ئەدىبىدۇر. ئۇنىڭ يازغان «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق ئىككى داستانىمۇ نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىغا تەقلىد قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى جەريانىدا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىجادىي ئەمگەك قوشقان ھەم بۇنى كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئۆتۈش باسقۇچىدا ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىدىكى بەزى داستانلار سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلىپ زىلزىلە قوزغىدى. 1930 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى ئوزۇق بەخش ئەتتى. 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بەزى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»نى دىرامىغا ئايلاندۇرۇپ، سەھنىلەردە ئوينالدى ۋە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان نىمشېھىت (1906 ـ 1972) خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ۋارىيانتىغا ئاساسەن نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن»نى «مىڭئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن» دېگەن ماۋزۇدا يېزىپ چىققان ھەم بۇ داستاننىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان. مەزكۇر تېمىنى نۇرمۇھەممەت توختى يەنە قايتا يېزىپ چىقتى.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەكرارلانغان تېمىلار نوقۇل پەرھاد ـ شىرىنلا ئەمەس، ئۇيغۇر شائىرى غېرىبى يەنە «خەمسە»دىكى «سەبئى سەييار»دىن سۈزۈت ئېلىپ «بەھرام ۋە دىلئارام»نى قايتا يېزىپ چىققان. مەلۇمكى، نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىمۇ نىزامى گەنجەۋىنىڭ «خەمسە»سىگە تەقلىد قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ئىسكەندەرنامە»لەرمۇ تەكرار ـ تەكرار يېزىلغان.

نىزارىينىڭ يازغان داستانى «رابىيە ـ سەئىدىن»نىمۇ ئەھمەد زىيائى قايتا يازغان. «غېرىب ـ سەنەم»لەرمۇ شۇنداق بولغان.

دېمەك، تېمىلارنىڭ تەكرار يېزىلىشى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇزاق تارىخقا، چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بىر خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىز ـ پاكىتلىرىنى «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەردىنمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز. «نۇزۇگۇم» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قايتا ـ قايتا يېزىلىشى، ماھىيەتتە ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان.

تۆۋەندە بىز نۇزۇگۇمنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

نۇزۇگۇم ھەرگىزمۇ تارىختا تەكرارلانغان، پەرھاد ـ شىرىن، غېرىب ـ سەنەملەرگە ئوخشاش رىۋايەتلەردىكى توقۇلما شەخس ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن، رېئال بىر تارىخىي شەخس. شۇڭلاشقا، بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇزۇگۇم ئوبرازى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتىن ئاۋۋال، تارىختىكى نۇزۇگۇم بىلەن تونۇشۇپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن قولىمىزدا بار تارىخىي ماتېرىياللاردا نۇزۇگۇم ھەققىدە ئېنىق بىر خاتىرە يوق. ئەمما، بۇنداق بىر يازما ئىسپاتنىڭ بولماسلىقى نۇزۇگۇمنىڭ ئۆتمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت بىر توقۇلما ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، تارىخىي ماتېرىياللاردا شۇ مەزگىلدىكى قەشقەردە چىرىك ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭ ۋە قەشقەردىن ئېلىغا ئاھالە سۈرگۈن

www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك پاكىتلار بار. نۇزۇگۇم ھەققىدىكى داستان، قىسسەلەردە، نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىدا تەمسىلەنگەن يىپ ئۇچى، ئۇچۇرلاردىن يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ راست يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر نۇزۇگۇم شۇ ئىشلارنى كۆرمىگەن، بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئۇ ھەقتە ئەسلىمە، قوشاق قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۆۋەندە بىز شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. موللا بىلالنىڭ قىسسەسىدە مۇنداق بايانلار بار: «داۋانخان خان بولۇپ، ئالتە يىل بولغاندا جاھانگىر خوجا قەشقەرگە كېلىپ، سوقۇشۇپ، قەشقەرنى ئۆزىگە تابىئە قىلىپ ئالتە ئاي سورىغان. ئاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىن چىنكۇنكى دېگەن جياڭجۈن نۇرغۇن لەشكەر ئالىپ قەشقەرگە كەلگەن ... يىخوزايان دارىن دېگەن جياڭجۈنلەر بىر بولۇپ، جاھانگىر خوجا بىلەن سوقۇشۇپ، جاھانگىر خوجانى تۇتۇپ داۋانخاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىپ، قەشقەردىكى ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەر بىر خوتۇننى بىر قالماققا خوتۇن قىلسۇن دەپ تۇتۇپ بەرگەنىكەن. ئەمما، نۇزۇگۇم دېگەن خوتۇننى ئاكسى بىلەن بىر قالماققا بەرگەنىكەن.»

بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە شېرىپىدىن ئۆمەر مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: ئاپاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرى ھېسابلانغان خوجا جاھان ئەرشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغارلارنى تىنچلاندۇرغىلى كەلگەن مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى كۆرەشكە ئۆتىدۇ. 1757 ـ يىلى باشلانغان جېدەل 1759 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككى خوجىنىڭ يېڭىلىش، قەتل قىلىنىشى بىلەن تۈگىدى. بۇ تازىلاشتىن جاھانگىر خوجىنىڭ كىچىك بالىسى سامساق خوجا قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ ۋاخاننىڭ خىلۋەت جايلىرىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇندى. كېيىنرەك ئۇ قوقەنگە ئۆتۈپ، شۇ جايدا تۇرۇپ قالدۇ ۋە شۇ جايدىن ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭى يۈسۈپ خوجا، ئوتتۇرانچىسى باھاۋۇدۇن خوجا، كىچىكى جاھانگىر خوجا ئىدى. ئارىدىن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى راسا چىرىكلىشىدۇ. شىنجاڭدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھاكىمىيەتنى ئوغرى ـ قاراقچىلارغا سېتىپ بېرىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يېتىدۇ. خەلق مەنچىڭ ۋە يەرلىك فېئودال ئەمەلدارلار ھەم ئۇلارنىڭ غالچىلىرى قولىدا خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭدا قېلىپ، ئۇلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ ـ تېشىپ، سەۋر قاچىسى پىرىلىپ، 1816 ـ يىلى قەشقەردە زىياۋۇدۇن رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. لېكىن، بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇزۇندىن بېرى بوۋىسىنىڭ قەشقەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن جاھانگىر خوجا قەشقەر خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتى ۋە يەرلىك فېئوداللارغا بولغان نارازىلىقى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىدىن پەيت كەلدى دەپ بىلىپ، بۇرۇن قەشقەردىن قوغلىۋېتىلگەن سودىگەرلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن زىياۋۇدۇن قوزغىلىڭىغا ئۇلاپلا 1816 ـ يىلى قەشقەرنىڭ غەربىدىكى تاشمىلىقتا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم يېڭىلىپ قېچىپ كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ بىر شىددەتلىك بوراننىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ قايتىپ كۈچ توپلاشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، چوڭ ئاكىسىنىڭ بۇخاراغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنىڭ ئاتامانى سۇرەنچى بەگنىڭ باشچىلىقىدا 1822 ـ يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما، شەھەرنىڭ سىرتىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا دۇچ كېلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ چېكىنىپ نارىندىكى «بولۇر» قىرغىزلىرىغا قوشۇلۇۋالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن بىر كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارنى «قورۇتقۇ» قورغىنىغىچە قوغلاپ بېرىپ، قايتىشىدا بىر تار جىلغىدا پىستىرمىغا يولۇقۇپ، پۈتۈنلەي ھالاك بولغىلى تاس قېلىپ، ئامان قالغىنى ئاران قېچىپ قۇتۇلىدۇ. بۇ مەنچىڭ خانىدانلىقى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇرۇش تارىخىدا بىرىنچى قېتىم يېڭىلىشى ئىدى. بۇ ۋەقە ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كېتىدۇ. خوجىلار بۇنىڭ بىلەن يېڭىباشتىن جانلىنىپ خورىكى ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئەمدى تەۋەككۈلچىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەر چېگراسىغا تىكلىگەن بايرىقى ئاستىغا كېلىپ توپلىنىشقا باشلايدۇ. قوقەن خانى بۇ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئۈچۈن بىر قوشۇن تەييارلاپ، ئۇنىڭغا ئەيسا دادخاھ قوشبېگىنى باشلىق قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئەمدى خېلىلا قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغان جاھانگىر خوجا شۇنىڭ بىلەن 1826 ـ يىلى ئەتىيازدا قەشقەرگە ھۇجۇم باشلايدۇ. ئۇ ھۇجۇم باشلاشتىن بۇرۇن، چوڭ بوۋىسى ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەردىكى مۇرىتلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالىدۇ. نەتىجىدە قاتتىق جەڭ بولۇپ، ئىچكى ـ تاشقى قورشاۋدا قالغان مەنچىڭ ئارمىيەسى يېڭىلىدۇ. جاھانگىر خوجا قەشقەرگە غەلىبە بىلەن كىرىپ كەلگەندە، قەشقەر خەلقى ئۇنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالىدۇ... ئۇ

قەشقەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى سېيت جاھانگىر سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، مەنچىڭ تەرەپتىن قويۇلغان، خەلققە چەكسىز زۇلۇم سالغان قەشقەر ھۆكۈمرانى مۇھەممەت سېيتنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت سېيتنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان خەلق جاھانگىر خوجىغا ئىشىنىپ ئۇنى قوللايدۇ...

جاھانگىر خوجىنىڭ تەسىرى بىلەن، زورلۇق-زومبۇلۇققا چىدىيالماي ئاران تۇرغان يېڭىشەھەر، يەكەن، خوتەن خەلقلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەنچىڭ چېرىكلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ كوچا-كويلاردا ئۇجۇقتۇرىدۇ.

يېڭىشەھەر قورغىنىدىكى ئەسكەرلەر قانچىلىك قارشىلىق كۆرسەتمىسۇن، قانات-قۇيرۇقى كېسىلىپ بېلى ئۇشتۇلغانىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېڭىشەھەر قورغىنىدىكى چىڭ ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلىپ بۇ قورغان تۈزلىۋېتىلدى.

تاجاۋۇزچى جاھانگىر خوجا قەشقەردىكى ھاكىمىيىتىنى بىر ئاز رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قوقەن خانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سالماق بولىدۇ. قوقەن خانى مەدەلىخان، ئۇنىڭ غەلىبىسى مېنىڭ كۈچۈم بىلەن قولغا كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر خانلىقى «مېنىڭ قارىمىقىمدا بولۇپ، ماڭا بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. ئاقسۆڭەك خوجىلار بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. مەدەلىخان ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا چوڭ بىر قوشۇن ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن قەشقەر يېڭىشەھەر ئەتراپىدا جاھانگىر خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، 1000 ئادەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئامالسىز قايتىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ يولغا چىققان خەۋىرى كېلىدۇ. ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى يەنىلا مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. قەشقەرگە كىرىشتە بۇ جايلار زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئىلى جياڭجۈنى جاھانگىر خوجىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئاران ئالتە ئاي تۇتۇپ تۇرالايدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەسكەر مەنبەسى خۇيزۇ، موڭغۇل، شىۋە، سولانلار ئىدى. ئۇلاردىن تەشكىللەنگەن 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئوشۇق قوشۇن 1827- يىلى 1- ئايدا ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاقسۇ، مارالبېشىدىن ئېلىنغان خۇيزۇ قوشۇنلىرى قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى 12- مىڭ كىشىلىك قوشۇن زاۋال دەرياسىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، چۆلنى

كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىش، تاللانغان 7000 كىشىلىك قوشۇن يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، قالغان زور قوشۇن قىزىل دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى ياقىلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىدى. شۇ پىلان بويىچە ھۇجۇمنى چاقماق تېزلىكىدە باشلايدۇ...

مەنچىڭ چېرىكلىرى يېڭىئاۋاتقا يېتىپ كەلگەندە، جاھانگىر خوجىنىڭ بۇ جايغا توپلانغان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار قاتتىق جان تىكىپ ئېلىشىدۇ... ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ چېكىنىدۇ. مەنچىڭ چېرىكلىرى قەشقەرنى ئۈچ تەرەپتىن ئامبۇرەدەك مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇ كېچىسى جاھانگىر خوجا قاراتاغقا قاراپ قاچىدۇ. ئەمما، داۋانىنى قېلىن قار قاپلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆتەلمەي قايتىپ كېلىپ، بىر نەچچە كۈن مۆكۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى قولغا چۈشىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا — خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ قەتل قىلىنىدۇ. قەشقەرگە ياڭ دارىن (ياڭ فاڭ) رەھبەرلىكىدىكى گارنىزوننى قالدۇرىدۇ. ئۇلار خوجىلار تۈزلىۋەتكەن يېڭىشەھەرنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ قېتىمقى خوجىلار بىلەن بولغان جەڭدە ئىسھاق بەگ زور كۈچ چىقارغىنى ئۈچۈن قەشقەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ.

مەنچىڭ چېرىكلىرى قوزغىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلققە دەھشەتلىك تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ، 12 مىڭ تۈتۈننى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يانچى قىلىپ ئىلىغا كۆچۈرىدۇ. بۇ جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1767- يىلدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىم سۈرگۈن قىلىنىشى ئىدى. مانا شۇ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان 12 مىڭ تۈتۈن ئىچىدە، بۇ قوزغىلاڭغا بىۋاسىتە قاتناشقان، قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا خوجىمۇ بار ئىدى.

بىز بۇ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشتىن نۇزۇگۇمنىڭ ھەقىقەتەن رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەمما، نۇزۇگۇم قاچان تۇغۇلغان؟ نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن؟ قانداق قىز ئىدى؟ دېگەندەك ئىنچىكە تەپسىلاتلار ھەققىدە بىز يەنىلا قىياسقا تايىنىمىز.

ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»دا «نۇزۇگۇم تەخمىنەن 1808- يىللىرى قەشقەر ئەتراپىدا بىر كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلي ئىسمى‹چولپانگۈل› بولسىمۇ.... (259- بەت)» دېيىلگەن. ئىلىغا قىلىنغان بۇ سۈرگۈن 1827- يىلى يۈز بەرگەن. ئۇنداقتا بۇ چاغدا نۇزۇگۇم 20 ياش

ئەتراپىدا بولىدۇ. گەرچە ئېنىق 1808 ـ يىلى تۇغۇلغان دېيەلمىسەكمۇ 1805 ـ يىلى 1810 ـ يىلى ئارىلىقىدا تۇغۇلغان دەپ ھۆكۈم چىقىرالايمىز. ئىسمىنىڭ «چولپانگۇل» ئىكەنلىكىمۇ بىر قىياس. ئەمما، نۇزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىدا ئۆزىنى نۇزۇگۇم دەپ ئاتىشىدىن قارىغاندا، ئەسلىي ئىسمىنىڭ نۇزۇگۇم بولۇشى ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئۇيغۇن.

نۇزۇگۇم ھەققىدىكى يەنە بەزى تارىخىي مەلۇماتلارنى موللا بىلالنىڭ قىسسەسىدىن كۆرەلەيمىز. بۇنىڭدىكى ئۇچۇرلارنى باشقا مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چىن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ قىسسە يۇقىرىقى ۋەقە يۈز بېرىپ 55 يىلدىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، نۇزۇگۇم ھەققىدە ئەڭ بالدۇر يېزىلغان يازما ئەسەردۇر. شائىر مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ۋاقىئاتلار كوناسال ئادەملەرنى موللا بىلال ئىبىن موللا يۈسۈپ نازىم ئۆيىگە چىللاپ كەلتۈرۈپ، تەھقىق بىلەن سوراپ، ئاڭلاپ، بىلىپ 1299 ـ يىلى رۇسىيە تارىخىدا 1882 ـ ماھى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجا مەۋزىيىدە تەھرىر تېپىلدى.» (بۇلاق 1981 ـ يىلى 1 ـ سان 208 ـ بەت).

شائىر توختاجى روزى ئۆزى ماڭا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: شائىر 1966 ـ يىلى قەشقەردە تۇرغاندا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باش تېۋىپى ھېپىزخان مەخسۇم بىلەن بىرگە تۇرغان. توختاجى روزىنىڭ ئېيتىشىچە، ھېپىزخان مەخسۇم بۇخارا، ھىندىستانلاردا ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۆزى پىشقان موللا، ئۇستا تېۋىپ كىشىكەن. توختاجى روزى شۇ كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ، نۇزۇگۇم ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئىلھاملىنىپ نۇزۇگۇمنى يازغان. مەخسۇمغا نۇزۇگۇم ھەققىدىكى گەپلەرنى دادىسى دەپ بەرگەنىكەن. ھېپىزخان مەخسۇمنىڭ شائىرغا دەپ بېرىشىچە، مەخسۇمنىڭ بوۋىسى نۇزۇگۇمنىڭ بوۋىسى بىلەن يېقىن قوشنا ـ بۇرادەرلەردىن ئىكەن. نۇزۇگۇمنىڭ دادىسى ئۇستا نەققاش بولۇپ، قەشقەر ھېيتگاھنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق قايتا رېمونتىغا قاتنىشىپ بارلىق نەقىشلىرىنى ئويغانىكەن. نۇزۇگۇم قەشقەرنىڭ تۇرمىتاي كۆلبېشى دېگەن مەھەللىسىدە تۇغۇلغانىكەن ھەم دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان موللا قىز ئىكەن (بۇ بايان موللا بىلالنىڭ نۇزۇگۇم موللا قىز ئىكەن، دېگەن بايانى بىلەن ئۇدۇل كېلىدۇ ھەم نۇزۇگۇمنىڭ قوشاقلىرىنىڭ سەۋىيەسىدىن ئۇنى ئوقۇغان، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە دەپ ھۆكۈم چىقارساق خاتالاشقان بولمايمىز) ھەم دادىسىمۇ ھەقىقىي بىر خەلق قوشاقچىسى ئىكەن. نۇزۇگۇمنىڭ سۆيگىنى باقى بولسا دادىسىنىڭ شاگىرتى ئىكەن.

يۇقىرىقى ئاغزاكى بايانلارنى كەسكىن توغرا دېيىشكە ئاساسىمىز بولمىسىمۇ، مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئەمدى بىز ئۆزىمىز ئېرىشكەن ماتېرىياللاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرالايمىز:

1) نۇزۇگۇم تارىختا ئۆتكەن بىر رېئال شەخس.

2) 1805~1810 ـ يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان.

3) ئۇ ئوقۇغان قوشاقلاردىن ئۇنى موللا دېگىلى بولمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ساۋاتلىق ئىكەنلىكى، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق.

4) توي قىلغان، قىلمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. موللا بىلالنىڭ قەلەمىدىكى نۇزۇگۇمنىڭ قوشىقىدا:

چەمپەن بېرىپ ئۆلتۈرگەن،
ئۈچ ياشتىكى بالامنى.

دېيىلگەنلىكىدىن توي قىلغان چوكان دەپ بىلىمىز. ھېپىزخان مەخسۇمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ چاغدا نۇزۇگۇم ئەمدى رەسىدە بولغان قىز ئىكەن. باشقا ئەسەرلەردىمۇ تولىراق قىز دەپ تەسۋىرلەنگەن. خەلق داستانىدىكى قوشاقتىمۇ مۇنداق كەلگەن:

ئون گۈلنىڭ بىر گۈلى، ئېچىلمىغان نۇزۇگۇم،
پۇراقلىرى بىر يولى، چېچىلمىغان نۇزۇگۇم.

بۇنىڭدىن قىز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قىسقىسى، بۇ بەك مۇھىم ئەمەس.

5) ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان، زىلۋابوي، چىرايلىق.

6) ئۆزىنى مەجبۇرلاپ ئالغان سولاننى ئۆلتۈرگەن ۋە قاچقان.

7) تۇتۇلغاندا مويتۇڭزىدا كاللىسى ئېلىنغان (بەزى ئەسەرلەردە، خەلق داستانلىرىدا دارغا ئېسىلغان دەپ كەلگەن. موللا بىلالنىڭ قىسسەسىدىمۇ، شۇنداقلا ھېپىزخان مەخسۇمنىڭ بايانىدىمۇ كاللىسى ئېلىنغان دېيىلگەن، شۇڭلاشقا مەن مۇشۇ بەكرەك ئىشەنچلىك دەپ قارىدىم).

مانا بۇلار نۇزۇگۇم ھەققىدىكى تارىخىي بايانلاردۇر.

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن قايسى يازغۇچىلارنىڭ مەزكۇر تېمىدا قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىقىمىز.

| ئاپتورى | ژانىرى | يېزىلغان ۋاقتى |
|---|---|---|
| موللا بىلال نازىم | قىسسە | 1882 |
| نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت | پوۋېست | 1923 |
| ئابلىز ھوشۇر | داستان | 1981 |
| ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل | سىنارىيە | 1981 |
| توختاجى روزى | داستان | 1982 |
| مەمتىمىن ھوشۇر | پوۋېست | 1983 |
| ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن | دراما | 1985 |
| تۇرغان توختاموف | رومان | (2001) 1990 |
| ھۇسەين تاش | ئوچېرك | 2003 |

مەن بۇ يەردە ھەجىم ئېتىبارى بىلەن ھەر بىر ئەسەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايمەن.

تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن كۆزەتسەك جاۋاب روشەنلىشىشى مۇمكىن.

1. خۇددى بىرىنچى بابتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئوخشاش بىر تېمىنىڭ تەكرار يېزىلىش ئەنئەنىسى دۇنيا ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ياكى ئەمدى پەيدا بولغان ھادىسە ئەمەس. ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە. نۇزۇگۇم تېمىسىنىڭ تەكرار يېزىلىشىنى ئەنە شۇ تارىخىي ئەنئەنىنىڭ، ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

2. «نۇزۇگۇم»نىڭ جەلپ قىلىش كۈچى.

نۇزۇگۇمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى نەدىن كەلگەن؟

روشەنكى، بۇ نۇزۇگۇم ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قىممەتتىن كەلگەن. نۇزۇگۇم مۇجەسسەملىگەن قىممەت ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ جەۋھىرىي قىسمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. يالغۇز بىرلا نۇزۇگۇم ئوبرازىغا، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە داۋاملىشىپ كەلگەن يۇكسەك ئەخلاق-ئېپەت ئەنئەنىسى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا بوي ئەگمەيدىغان، زالىملارغا تىز پۈكمەيدىغان، ئېگىلمەس-سۇنماس روھى؛ نومۇس-ئېتىقاد تۇيغۇسى؛ يۇرت-ۋەتەننى سۆيۈشتەك يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مۇجەسسەملەنگەن. بىز بۇ نۇقتىلارنى يۇقىرىقى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىدىنمۇ روشەن كۆرەلەيمىز.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق يۇكسەك قىممەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن نۇزۇگۇم ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مەڭگۈ ئەسلەيدىغان، مەڭگۈ ئۇلۇغلايدىغان، مەڭگۈ ئۆگىنىدىغان بىر ئۆلمەس، قىممىتى كونىرىماس ئۈلگىنى تىكلىگەن. «نۇزۇگۇم» قىممىتىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى دەل ئۇنىڭ توختىماي يېزىلىشىنى بەلگىلىگەن.

3. نۇزۇگۇمنىڭ قىز ئىكەنلىكى. مېنىڭچە، بۇ نۇقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم. تارىختىن بۇيان، ھەر قانداق مىللەتتە قەھرىمانلىقنى ئاساسەن ئەرلەرگە باغلايدۇ. ئاياللار ئەزەلدىن نازۇكلۇقتا، ئاجىزلىقتا، ئەرلەر باتۇرلۇقتا، كۈچكە سىمۋول بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، بىزدىمۇ باتۇرراق قىز-ئاياللارنى «ئوغۇلبالىدەك ئىش قىلدىڭىز» دەيدىغان ئادەت بار. ھەرگىزمۇ ئەرلەرنى قىز بالىغا ئوخشىتىپ مەدھىيىلىمەيمىز. بەلكى، بۇ ھاقارەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئەمدى 20 لەرگە كىرگەن بىر قىز بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇزۇگۇمنىڭ بۇنداق جاسارىتى، قەھرىمانە ئىش-ئىزلىرى ھەققەتەن بەكلا كەم ئۇچرايدىغان بىر قەھرىمانلىق ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا، بىزدە سادىر پالۋاندەك باتۇر-قەھرىمانلار ئۆتكەن، نېمىشقا ئۇلار بۇنداق كۆپ يېزىلمايدۇ. مېنىڭچە، جاۋاب تولىمۇ روشەن.

4. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىكى دىداكتىك روھ. بۇنىمۇ يەنىلا كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن سۇرۇشتۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر قايسى يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن دىداكتىك روھ خېلىلا روشەن. يازغۇچىلىرىمىزدا پەند-نەسىھەت، ئەسەر ئارقىلىق ئادەم

تەربىيەلەش، ياخشى ئۈلگە يارىتىش ئېھتىياجى كۈچلۈك. يازغان ئەسەرلىرى، ياراتقان ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. نۇزۇگۇممۇ دەل ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ خانىم ـ قىزلارنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۈلگىسى بولغاچقا، يازغۇچىلىرىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق روھى بۇ تېمىدا قەلەم ئېلىشقا تۈرتكە بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە نۇزۇگۇم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مېنىڭچە تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا كېرەك.

ھەر قېتىم «قانۇنچىلىق گېزىتى»نى ئوقۇسام، ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن، ھەرسانلىق «قانۇنچىلىق گېزىتى»گە چىقىۋاتقان باسقۇنچىلىق ئەنزىلىرى مېنى بەكلا بىئارام قىلىدۇ. ئويلاپ كېتىمەن، نېمانچە تولا يۈز بېرىدىغاندۇ بۇ ئىش؟ گېزىتكە چىققىنىغۇ ئاشكارىلانغىنى، ئاشكارىلانمىغىنى قانچىلىكتۇ؟يا بۇ رېئال تۇرمۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئىش، بۇنىڭغا ئۈنچىۋالا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق،ئادەم دېگەن مۇقەررەرلىكنى چۈشىنىشى، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك دەپ كۆڭلىمىزنى ياسىشىمىز كېرەكمۇ؟ توغرا، ئىنسانلا بولىدىكەن، ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ جەمئىيەتتە بۇ خىل قىلمىش،جىنايەتلەردىن ساقلانماق مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىنسان ئۆز نەپسى ئالدىدا ھەقىقەتەن ئاجىز يارىتىلغان، شۇنداقلا شۇ نەپسىنى كونترول قىلغۇدەك ئەقىل، ئىرادىمۇ بېرىلگەن، ئىنساننىڭ ھەقىقىي كامىللىقى مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كۈرەشتە ئاندىن شەكىللىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككىدىن قايسىنى تاللاش ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش.

ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقسىزلىق، جىنايەتتىن پۈتۈنلەي خالىي بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق جەمئىيەت تارىختا ھەم بولۇپ باقمىغان.ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەرگىزمۇ ھەر قانداق ناچار قىلمىشقا سۈكۈت قىلىش،كارى بولماي ئۆز ئېقىمىغا قويۇۋېتىش كېرەك، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.چۈنكى جىنايەت، بۇزۇقچىلىقلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمەيدىغان، ئۇنىڭغا كۆزنى يۇمۇۋالمايدىغان، شۇنداقلا شۇ خىل قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرى ئومۇمىيۈزلۈك گۈزەللىكنى تەشەببۇس قىلىپ، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىدىغان جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تامامەن مۇمكىندۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتى يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك، يۇقىرى پەللىمۇ شۇ. گۈزەللىككە ھەر قانچە ئىنتىلگىنىڭ بىلەنمۇ بەربىر رەزىللىكنى تۈپتىن يوقىتالمايسەن، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقا قانچىلىك قارشى تۇرساڭمۇ، ئۇ بەربىر مەۋجۇت، دېگەندەك قاراشلار بىلەن جەمئىيەتتە يامراۋاتقان ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا سۈكۈت قىلىش، ئۇنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى ،مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئاۋامنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش،ماھىيەتتە شەيتان قوشۇندا سەركەردە بولغانلىقتۇر. ئەگەر مۇشۇنداق قاراشنى قوبۇل قىلساق، ئۇھالدا ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز پاھىشە بوپكەتسىمۇ توغرا چۈشىنىپ قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەنە شۇ ئەنزىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئوقۇپ، يۈز بېرىش سەۋەبىنىڭ ئاددىيلىقىدىن ياقامنى چىشلەشكە مەجبۇر بولىمەن، ئاخشام QQدا كۆرۈشكەن بالا تېلېفون قىپتىكەن كۆرۈشەيلى دەپ، گەپ ـ سۆزىدىن خېلى يامان ئەمەستەك قىلاتتى، شۇڭا چۈشۈپتىكەنمەن، كېيىن چىقىپ كېتەي دېسەم ئۇنىماي، مېنى قورقۇتۇپ تاكسىغا سېلىپ مېھمانخانىغا ئاپاردى... كەچتە بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ كېلىۋاتسام، ئىككى، ئۈچ بالا ئالدىمنى توسۇپ... دىسكوخانىدىن چىقىپ، ماشىنا ساقلاۋاتسام، ئىككى بالا مەجبۇرىي تاكسىغا چىقىرىپ... دېگەندەك گەپلەر. مانا مۇشۇ گەپلەرگە قاراپ بەزىدە ئىشىنەلمەي قالىمەن، نېمانچە ئاسان بوپكەتتى بۇ ئىش دەپ. «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ قايسىبىر سانىدا 14 ياشلىققۇ دەيمەن، بىر قىز بالىنىڭ بىر نەچچە هايۋاننىڭ چاڭگىلىدىن باتۇرلۇق بىلەن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كاللامدا گۇمان تېخىمۇ كۈچىيدۇ. ئەلۋەتتە، باسقۇنچىلىق جىنايىتىدىكى باش جىنايەتچى ئەرلەر، ئەمما بىز ئۇلارنىڭ قانداق شارائىتتا ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغانلىقىغا كەلسەك، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزلارنىڭ نادانلىق، بوشاڭلىقىغىمۇ كۆز يۇمالمايمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق كەچتە قېلىش، يالغۇز قېلىش... لار تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئەنە شۇ قىزلارنىڭ كەچ قالسا، نەگە باردىڭ؟ كىملەر بىلەن بىللە يۈردۈڭ؟ دەپ سورايدىغان ئاتا ـ ئانىسى باردۇ، شۇ قىزلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدا شۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ قولى، ھەسسىسى بار دەپ ئويلاپ قالىمەن، بەلكىم بۇ سەل ئاتا ـ ئانىلارغا نىسبەتەن ئۇۋال قىلغانلىق بولار، ئەمما ئۆستەڭ بويىدا ئويناۋاتقان بالىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، توسىمىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالسا، مەسئۇلىيىتى يوق دېگىلى بولارمۇ؟

ئىشقىلىپ جاھان تەرەققىي قىلىپ نەگە بارسۇن، مەن

بىر قىز بالىغا نىسبەتەن: «ئىپپەت دېمەك، جان دېمەك» دېگەن قارىشىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، ھەتتا: «يىگىتلەرمۇ ئىپپەتكە سەل قارىغان قىزلار بىلەن توي قىلماسلىقى كېرەك» دەپ قارايمەن، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە، ئىپپەتكە سەل قارىغان ئادەم تۇرمۇشتا باشقا نۇرغۇن ئىشلارغىمۇ چوقۇم سەل قارايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەر-خوتۇننىڭ تويدىن كېيىنمۇ بەختلىك ياشاش مۇمكىنچىلىكى بەكلا تۆۋەن، بۇنداق ئەھۋالدا پەقەت ئەر پېشانىسىنى سىلىۋېتىپ، ئا غا ئە نى قوشسىلا ‹بەختلىك› بولغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئىپپەت دېگەن نېمە؟ نېمىشقا ھازىر بىزدە ئۇنى قەدىرلەش روھى سۇسلاپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟ دېگەندەك تولا سورالغان سوئاللارنى يەنە مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، بۇ گەپلەر تولا دېيىلدى، ئەمدىكى مەسىلە ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتا.

ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئىچكى ئائىلىقى تۇرتكىسىدە ھەركەت قىلىشى ئەڭ توغرا، ياخشى يول، ئەمما بۇ تولۇق ئىشەنچلىك يول ئەمەس، چۈنكى ئادەم بەزىدە ياخشى-يامانني تاللاشتا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ئۇچىيلا كېلىشەلمەيدۇ، چۈنكى ۋىجداننىڭ ئۇنى جازالايدىغان كۈچى يوقتە. ئادەمدىكى ئائىلىقلىق تولىمۇ نىسپىي نەرسە، شۇڭا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزىنى بىلىۋېلىشىغا، ئائىلىقلىقىغا تاشلاپ قويۇشى، بالىلىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىشى، ئەمەلىيەتتە، بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى دوغا تىككەنلىكتۇر. مەن ھازىر تىلغا ئالغان نىسپىيلىك، دەل مەلۇم بىر ئەمەلىي، كونكرېت چەكلىمە ياكى نازارەتنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىپپەتنى تىلغا ئالغاندا، دىققىتىمىز قوزغىلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئەجەللىك ئاپەت-يېنىمىزدا يامراۋاتقان ئەيدىزدۇر. ھەممىمىز ئەيدىزنىڭ يۇقۇش يوللىرىنى بىلىشىمىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاسانلا يۇقىدىغان كېسەل ئەمەس، ئەيدىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتۈشى، تىراگېدىيە ۋە ئاچچىق ھەقىقەتتۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردا زىنا ۋە زەھەرنىڭ ئومۇملىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدۇر، مانا بىزدىكى ئەخلاق، ئىپپەت ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشى ئەيدىزنىڭ تارقىلىشىنى چەكسىز ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا بارلىق ئۇيغۇر بېشىنى كۆتۈرمىسە، چۆچۈمىسە، ئۇنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن خىزمەت قىلمىسا، پات ئارىدا ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ قوشۇنىمىزدىن، تۇغقانلىرىمىزدىن، ئائىلىمىزدىن چىقىشىغا ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويساق بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا نومۇسچان روھنىڭ ئۆلمەسلىكىنى، نومۇسچان ئۆلۈمدىكى قىممەتنىڭ ئەبەدىيلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمەن، قىزلارنىڭلا ئەمەس، ئەركەكلىرىمىزنىڭمۇ نومۇسچان روھنى ئەسلىشىنى، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆزىگە ئوزۇق قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. نومۇسچان تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلمىدى، خەلق-ۋەتەنگە ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتقىنىمۇ يوق، ئۇ پەقەت ئۆز ئىپپىتى، پاكلىقى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى، ئىپپىتىنى جېنىدىن ئەلا بىلدى.

بىز ئۈچۈن نومۇسچاننى ئەڭ ياخشى ئەسلەش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر يېزىش، قىزلىرىمىزغا نومۇسچان دەپ ئىسىم قويۇشلا ئەمەس، نومۇسچان روھنى ئۆز ئىش-ھەرىكىتىمىز بىلەن تىرىلدۈرۈشتۇر.

## ئىستاتا مەنبەلىرى

[1]«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىزاھلىق لۇغىتى»، 130- بەت.

[2] ئەسئەت سۇلايمان: «خەمسەچىلىك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001- يىلى 5- ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

[3] يۇقىرىقى كىتاب، 20- بەت.

[4] «قىسقىچە چەت ئەل ئەدەبىياتى تارىخى»، (ياۋروپا-ئامېرىكا قىسمى) خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004- يىلى 7- ئاي، 5- نەشرى 23 - 94- بەتلەر.

[5] يۇقىرىقى كىتاب، 108- بەت.

[6] يۇقىرىقىلار بۈيۈك بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ ئېلېكترونلۇق كىتاب نەشرىدىن ئېلىندى.

[7] «قىسقىچە دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخى»، (ياۋروپا - ئامېرىكا قىسمى) 2004- يىلى 12- ئاي، 5- نەشرى 49- بەت.

[8] ئەسئەت سۇلايمان «خەمسەچىلىك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 19- بەت.

[9] «شەرق غەرب سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تارىخى»، 602- بەت. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005- يىلى 8- ئاي، 1- نەشرى.

[10] «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004- يىل 10- ئاي، 1- نەشرى 82- بەت.



# «كۆسەن ئۇسسۇلى» يالىڭاچ ئۇسسۇلمۇ

ئەھەت داۋۇت

بىر مىللەتنىڭ سەنئىتى ــ شۇ مىللەتنىڭ روھى ئەينىكى... ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى بولسا، شۇ مىللەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. «بىر سەنئەتكار ئۆز مەملىكىتىنىڭ، ئۆز سىنىپىنىڭ سەزگۈسى، قۇلىقى، كۆزى ۋە يۈرىكى، ئۆز زامانىنىڭ ئاۋازى بولۇشى كېرەك.» (گوركىي) «سەنئەتنىڭ مىللىيلىكى ــ مەڭگۈلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىگە سەل قاراشقا، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە پۈتكۈل مىللەتكە، شۇنداقلا مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە... » (چىڭغىز ئايتماتوۋ) بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بازارغا يۈزلەنگەن ياكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق بىر سەنئەت ئەسىرى سەنئەتكارغىلا تەۋە بولماستىن، بەلكى شۇ سەنئەتكار ۋەكىللىك قىلغان مىللەتكە تەۋە. بۇ نۇقتىدىن سەنئەتكار مىللەتكە مەڭگۈلۈك جاۋابكار بولۇشى كېرەك. سەنئەتكارلار بىلەن سەنئەت ۋە مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى سەنئەتكارلاردىن يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىللىتىمىز ئەزەلدىن باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ــ پاراسەتلىك، غەيرەت ــ شىجائەتلىك، ئەدەپ ــ ئەخلاقلىق، شەرم ــ ھايالىق، ئىنساب ــ دىيانەتلىك ... بىر مىللەت.

سەنئەت تەتقىقاتى

شۇنىڭدەك، ئالەمنى تاڭ قالدۇرغۇدەك نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخقا ئىگە پارلاق مەدەنىيىتى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان... لاردەك مەشھۇر سىياسىيونلىرى؛ فارابىي، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئابدۇرەھىم نىزارىي، ئەلىشىر نەۋايى... لاردەك مەشھۇر ئالىم ــ ئۆلىمالىرى؛ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ، مەمتىلى تەۋپىق... لاردەك شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرى؛ ئامانىنساخان، نۇزۇگۇم، ئايخان، رىزۋانگۈل ... لاردەك ۋىجدانلىق خانىكە ــ قىزلىرى؛ ئاكا ــ ئۇكا مۇساباييۇف... لاردەك دۆلەت ھالقىغان سودىگەر ــ كارخانىچىلىرى بار بىر ئۇلۇغ مىللەت.

ئەپسۇس... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جامائەتچىلىك ئارىسىدا «كۆسەن ئۇسسۇلى» دېسە، «يالىڭاچ ئۇسسۇل ياكى يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل» دەپ قارايدىغان بىمەنە قاراش باش كۆتۈرۈپ قالدى. شۇنىڭدەك، مەتبۇئاتلىرىمىز ۋە سەھنىلىرىمىزدە «كۆسەن ئۇسسۇلى» نامىدىكى بىر يۈرۈش يېرىم يالىڭاچ رەسىملەر ۋە يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللار «بازار» تېپىپ، ئەقىل ــ ھوشى جايىدا كىتابخان ۋە تاماشىبىنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلسا، بىر قىسىم «زامانىۋى سەنئەتكار»لىرىمىزنىڭ بازارلىق كوزىرىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىرقىسىم چەت ئەللىكلەر ۋە ئىچكىرىدىكى قېرىنداشلارنىڭ نەزىرىدە

«ئۇيغۇرلار» دېسە: «ھە ... ھېلىقى قاچانلا قارىسا ناخشا ئېيتىپ، مۇزىكا چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپلا يۈرىدىغان مىللەت» دەپ «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى» دېسە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان ئەھۋال بىرقەدەر ئومۇمىيلىققا ئايلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كىملىكىگە ئېغىر داغ تەگكۈزىدىغان ناچار خاھىشلار يامراپ قالدى. ھەتتا، بۇ خىل خاھىشلار مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىدىن تارتىپ، يەرلىك بىر قىسىم تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىغىچە بەلگىلىك دەرىجىدە كۆرسىتىلىپ كەلدى.

بۇ خىل بىرتەرەپلىمە، سەلبىي كۆزقاراشلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار: بىرىنچىدىن، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى (ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى)؛ ئىككىنچىدىن، مېدىيەلەردىكى بىرتەرەپلىمە تەشۋىقات، قىسمەنلىكنى ئومۇملۇقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى نېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نېمىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا بولغان پەرق تۇيغۇمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، چاپ ـ چاپ بازار قوغلىشىشتەك قارىغۇلارچە بازار ئېڭىمىز، ساختا شۆھرەت قوغلىشىشتەك ساددا خاراكتېر ـ پسىخىكىمىز... ئۈچىنچىدىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم بىنورمال مەدەنىيەت سورۇنلىرىنىڭ پۇلنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن تاپتىن چىقىپ، چەكتىن ئاشقان ئەسەبىي، تەتۈر تەشۋىقاتلىرى ...

ماقالىنى قانداق يېزىش ئۈستىدە جىددىي پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئىككى كۈن ئاۋۋال بىر دوستۇم سۆزلەپ بەرگەن تۆۋەندىكى مىسال يادىمغا كېلىپ قالدى.

دوستۇم ئىچكىرىگە كاماندىروپكىغا چىقىپ، نەچچە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، يۇرت تامىقىنى سېغىنىپ، سەپەرداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىپتۇ ۋە مىڭ تەسلىكتە بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى تېپىپ، تاماقلانماق بولۇپ كىرىپتۇ . ئاشخانا خوجايىنى سالاھىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان 35 ـ 40 ياشلار چامىسىدىكى پۇزۇر كىيىنگەن، قارىماققا خېلىلا جەلپكار كۆرۈنىدىغان ياش ئۇيغۇر چوكان «يۇرتداشلارنىڭ بۇنداق جەم بولمىقىمىز ئاسان ئەمەس، قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ!» دېگەندەك چىرايلىق گەپلەر بىلەن مەخسۇس تاماق راسلاپ، ئۇلارغا ئالاھىدە زىياپەت بەرگەننىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىن بارغان 25 مېھماننىڭ ھەربىرىنىڭ يېنىغا 18 ـ 22 ياشلاردىكى چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنى ھەمراھلىققا ئولتۇرغۇزۇپ، «ئالاھىدە ئىلتىپات» كۆرسىتىپتۇ. دوستۇم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئالاھىدە كۈتۈنۈشتىن ھەم مىننەتدار ھەم خىجالەت بولۇپ، ھەم تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان، ھەممەيلەن خېلىلا قىزىشىپ ئۆز پارىڭىغا چۆشۈشكەن بىر پەيتتە دوستۇمغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان 21 ـ 22 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق قىز دوستۇمنىڭ سەمىمىيىتىدىن تەسىرلىنىپ: «خوجايىننىڭ شېرىن ـ شېكەر گەپلىرىگە بەك ئىشىنىپ كەتمەڭلار!» دەپ ئۇنىڭغا ئازراق شەپە بېرىپتۇ . دوستۇم دەرھال سەگەكلىشىپ، ئىنچىكىلەپ سورىغان ئىكەن، بۇ ئاشخانا خىروئېن ساتىدىغانلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن. دوستۇم مۇۋاپىق پۇرسەتتە بۇ ئەھۋالنى مەسئۇل رەھبەرگە ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى قىز بىلەن داۋاملىق پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپتۇ: ئەسلىدە بۇ قىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى X ناھىيەدىن بولۇپ، ئىككى يىل ئاۋۋال «ئىچكىرىدە ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىكەن... » دېگەن شېرىن ـ شېكەر گەپلەرگە ئىشىنىپ، بىر شىرەم تۇغقىنىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئىچكىرىگە پۇل تاپقىلى چىققان ئىكەن. ئۇ ئىچكىرىگە بارغان تۇنجى ئېيىدا ھېلىقى تۇغقان ئاچىسى ۋە ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ياتاق ـ تاماق ۋە باشقا چىقىملىرىنى تولۇق كۆتۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئېسىل مەنزىرىلىك رايونلىرىدىن تارتىپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئايلاندۇرۇپ، قانغۇچە ئويناتقاندىن سىرت، ھەر كۈنى «خىراجەت قىل!» دەپ قولىغا 50 يۈەندىن پۇل تۇتقۇزۇپ مېڭىپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئايال خوجايىن ئۇنى ئاۋۋال ھېلىقىدەك مېھمان كۈتۈشكە ساپتۇ، قارشىلىق قىلغان ئىكەن ئۆلگۈدەك تاياق ـ توقماققا باستۇرغاچقا ئۇچ كۈنگىچە ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. ھال ئېيتاي دېسە، ئۇنى ئىچكىرىگە قىزىقتۇرۇپ بىللە ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى شىرەم تۇغقىنىمۇ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بوپتۇ. كېيىن خوجايىن ئۇنى يەنە بەزمىخانىلاردا «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى» دەپ جاكارلاپ تۇرۇپ، يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇرلاپتۇ. قىزنىڭ كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى توخۇ تېرىسچىلىكمۇ دال بولالماي، ئامالسىز خوجايىننىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ... شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر ئۇيغۇر قىزى ئازغۇن يالىڭاچ ئۇسسۇلچىلار سېپىگە قېتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شەنىنى بۇلغايدىغان قاراڭغۇ كوچىنىڭ قارا پاتقىقىغا پېتىپتۇ... قىز ئۆزىنى دوزاختا ياشاۋاتقاندەك تولىمۇ ئېغىر ئازاب ئىچىدە ھېس قىلىدىكەن، ھازىر پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىشنىڭ يولىنى

قىلىۋېتىپتۇ... دوستۇم ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ، چوڭقۇر ھېسداشلىق قىپتۇ. ئەمما، دەماللىققا ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ، قىزغا بەخت تىلەپ، تەسەللى بېرىپتۇ ۋە شۇ ھامان ھەمراھلىرىنى ئالدىرىتىپ، بۇ «ئالۋاستى ئۇۋىسى»دىن دەرھال پۇتنى تارتىپتۇ ...

يۇقىرىقىدەك سەلبىي ئامىللارغا قوشۇلۇپ يەنە بىر قىسىم سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدىكى تەكپۈكسىزلىقى تۈپەيلىدىن، تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق مىليونلىغان قېرىنداشلىرى بىلەن دىدار مۇلاقەت بولىدىغان چولپانلىرىمىز، ئاكتىيورلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىگە ئېتىبارسىز قاراپ، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى نازۇك ھالقىلارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى... ھەتتا ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز رەۋىشتە «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى»، «كۇسەن ئۇسسۇلى» دېگەندەك ناملاردىكى بىر قىسىم يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللار ئاپتونوم رايونىمىز سەھنىلىرىدىمۇ تاماشىبىنلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىشقا ئۈلگۈردى. مەدەنىيەت بازارلىرى ۋە سورۇنلىرىدىكى بۇ خىل ئەبجەش ھاۋا، گۈزەل سەنئەت ساھەسىگىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى . بىرقىسىم رەسساملىرىمىز ئۇسلۇب جەھەتتە خېلى كۆپ يېڭىلىقلارنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما، تېما جەھەتتە ناخشا ـ ئۇسسۇل تېمىسىدىن كۆپ يىراقلاپ ـ چوڭقۇرلاپ كېتەلمىدى... ھەتتا، يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللارنى زوق ـ ئىشتىياق بىلەن قەلەمگە ئېلىشتى...

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئامىللار تەسىرىدىن، مىللىتىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى شانلىق مەدەنىيىتى، ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ ياراتقان باھادىرلىق قىسسەلىرى، قارام، تەۋەككۈلچى، ئەركەك مىجەزلىك ئوبرازى خىرەلىشىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل مەستانىلىرى تىپىدىكى يەڭگىلتەك ئوبرازى يارقىنلاشتى. نەگىلا بارساق «كۇسەن قىزى»، «قەشقەر قىزى»، «كۇسەن پەرىلىرى»... دېگەندەك ئارقا كۆرۈنۈشى گىرىمسەن ناخشا ـ ئۇسسۇللار مېدىيەلەرنى قاپلىدى... بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتىمىز شۇ دەرىجىدە ئەۋج ئالدىكى، خوتۇن ـ قىزلىرىمىز خۇددى يۇرتىنىڭ نوقۇل ماركىسىغا ئايلىنىپ، يۇرتىمىزدىن يۇرتىمىزگە قىزلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى شەھۋانىي تەلەپپۇزدا تامقىنى چاكىلدىتىپ تۇرۇپ تىلغا ئېلىپ، كىشىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ئىككى يىل ئاۋۋالقى ئىچكىرى سەپىرىدە يۈز بەرگەن بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ: ناھىيەمىزگە يېڭىدىن قۇرۇلغان كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى بىرقىسىم ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرى بىلەن بىر قىسىم نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىرى ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىشقا باردۇق. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەممىلا يەردە جىددىي، قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە ئايلانغان بولغاچقا، بارغانلا ئۆلكە ـ شەھەرلەردە ناھايىتى قىزغىن ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ئارىمىزدىكى بىر خىزمەتدىشىمىزنىڭ چوڭ شىركەت قۇرغان بىر خوجايىن دوستىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا داخىل بولدۇق، خوجايىن باشقىلارغا ئوخشاشلا تولىمۇ قىزغىن ئىدى... خىزمەتدىشىمىز بىزنى خوجايىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇۋېتىپ، ماڭا كەلگەندە : «ئىسمى ئەھەد، ئۇيغۇر...» دەپ تونۇشتۇرۇۋىدى، خوجايىن قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، بۆلەكچىلا ئەھۋال سوراپ قىزغىنلىق كۆرسىتىپ كەتتى ـ دە، ئارقىدىنلا: «ئۇيغۇر قىزلىرى بەك چىرايلىق ـ ھە!» دەپ سورىۋىدى، باش ـ ئايىغى يوق، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا سورالغان بۇ سوئال ماڭا: « ئاچاڭ بەك چىرايلىق ـ ھە!» دېگەندەك ئاڭلىنىپ، غۇژژىدە مېڭەمگە تەپتى ـ يۇ، دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ: «شۇنداق، ئۇيغۇر قىزلىرى چىرايلىق، يەنە ئۇيغۇر يىگىتلىرىمۇ شۇنداق كېلىشكەن!» دېۋىدىم، چېچەن خوجايىن مەقسىتىمنى دەرھاللا چۈشىنىپ، ئوڭايسىزلانغىنىدىن قىزىرىپ كەتتى ۋە ئۆزرىخاھلىق سوراپ، نەچچە كۈندىن كېيىن خوشلاشقانغا قەدەر بۇ گەپنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى.

بەلكىم، ئەدىبىسى زامانىنىڭ بەك ئالدىدا كەتكەن بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز: «قىزلىرىمىزنى چىرايلىق دەپ قويسا نېمە بوپتۇ ؟» دەپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن. چەت ئەللەردە خانىم ـ قىزلار كېلىشكەن ئەرلەر ئۆزىنى ماختاپ قويسا، ھاياجانلىنىپ: «ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت !» دەپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويغان بىلەن، بىزدە ئاياللارنى يۈزتۇرا ماختىسا ياكى ئېرىگە قارىتىپ تۇرۇپ خوتۇنىنى، ئاكا ـ ئىنىسىغا قارىتىپ تۇرۇپ، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى: «چىرايلىقكەنسىز!» دەپ ماختىسا ھار ئالىدىغان ئادەت بار. بۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، غورۇرغا بېرىپ تاقىلىدىغان، ئۆز جورىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى يات كۆزلەردىن ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ناھايىتى ئېسىل ئەخلاق ...

بەزىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇلنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى

ئەمەسلىكى؛ ئېتىقادىنىڭ تۈتامى يوق، مەنىۋىيەت ئېتىزى قۇرغاق، روھىيىتنى پاخال باسقان ئاشۇ بىر قىسىم ئازغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تاپتىن چىققان ئالىجوقا ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقى؛ ئەكسىچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنتىزىم، يۇرۇشلەشكەن، ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى، مىللىي پىسخىكىسى، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ياشاش ئادەتلىرى... نى مەردانە ۋە جانلىق، لاتاپەتلىك ۋە نازۇك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئوبرازلىق ۋە مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان سىستېمىلاشقان ئۇسسۇلىنىڭ بارلىقى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ئايان.

ھالبۇكى، نۆۋەتتە ئاشكارا مەتبۇئاتلاردا تەكرار ئېلان قىلىنىۋاتقان ۋە سەھنىلەردە تاماشىبىنلار بىلەن ئاشكارا يۈز كۆرۈشۈۋاتقان بىرقىسىم رەسىم ۋە ئۇسسۇللار «كۇسەن ئۇسسۇلى (ياكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى)» — يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل» دەيدىغان بىمەنە قاراشلارنى مەلۇم مەنىدىن دەلىللىگەندەك، ئېتىراپ قىلغاندەك تۇس بېرىپ قويماقتا. بىزنى چېچىلىپ تۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىشكە مەجبۇر قىلغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

دۇرۇس، تارىخىي مەنبەلەردە، كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ساكيامۇنىنىڭ يارالمىش قىسسەسىگە ئائىت يالىڭاچ ئۇسسۇل رەسىملىرىنى سىزغانلىقى توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەرنىڭ بارلىقى، شۇنىڭدەك، مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدا شۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلارنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تاپقانلىقى راست! ئەمما، بۇ مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساپ ئېتىقادى شەكىللىنىشتىن ئاۋۋالقى قىسمەنلىك؛ يەنە كېلىپ، بۇ ئۇسسۇل كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نامايەندىلەردىنمۇ ئەمەس.

قەدىمكى كۇسەننىڭ مۇزىكا-ئۇسسۇل، رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا پارلاق ئېستېتىك قىممەت ياراتقان مۇھىم بىر سەنئەت تارىخىي كاتېگورىيەسىدۇر.

بىز تارىخىي خاتىرىلەرگە ئەمەس، بەلكى كۆپ ئەسىرلىك تەبىئىي ۋە سۇنئىي خارابلاشتۇرۇشتىن كېيىن ساقلىنىپ قالغان كۇسەن (كۇچا) تاشكېمىرلىرىدىكى ئۇسسۇللۇق رەسىملەرگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدىكى قۇملۇق دېڭىزىغا يۈزلىنىپ تۇرغان بۇ قەدىمكى شەھەر-قەلئە دۆلىتى، خۇددى ئادرىياتىك دېڭىزى بويىدىكى قەدىمكى ئافىنا شەھەر خارابىسىدەك كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىدۇ. لىكوك 227 ساندۇقتا، ستەيىن 100 ساندۇقتا قاچىلاپ كەتكەندىن كېيىنكى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا 60-70 خىلغا يېقىن ئوخشىمىغان ھېكايەتلىك مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى 10 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ماكاننى ئىگىلىگەن تام رەسىملىرى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى جەھەتتىن بىزنى مەھلىيا قىلىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ سەنئەت تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئىجادىيەت تۈھپىسى ۋە ئېستېتىك قىممىتى جەھەتتىنمۇ چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كۇسەن ئۇسسۇللىرى كۇسەن مۇزىكىسى بىلەن بىللە تارىخنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. كۇسەن ئۇسسۇللىرى «ئۆگەن سەنئەت» ئېرناسى ئەمەس، ئەكسىچە «تىرىك سەنئەت» راۋاجىنىڭ كىلاسسىك، تارىخىي نەمۇنىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

كۇچا كېمىر سۈرەتلىرىدە ئۇسسۇللۇق ئوبرازلار كۆپ تەرەپلىمە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئومۇمەن ئۇنى ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن: ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، بۇددا- ساكيامۇنى ھاياتىغا دائىر يارالمىش (جاكاتا) قا قىستۇرۇلغان كۇسەنچە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن ئىبارەت. قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 99 - كېمىرىدىكى «ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشى»ناملىق رەسىمدە ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى مايا خېنىم يېنىدا يالىڭاچ ھالەتتە تۇرغان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈش پۈتۈنلەي ئۇسسۇللۇق ئەۋرىشىم قىياپەتتە سىزىلغان. بۇ ماھىيەتتە كۇسەن سەنئىتىنىڭ دىنىي ئىدېئاللاشتۇرۇلغان بىر خىل ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىشى كېرەك. كۇسەن رەسساملىرى نەزىرىدە پەقەت يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەت ئارقىلىقلا مۇقەددەس ساكيامۇنىنىڭ ئانىسىدىكى گۈزەللىكنى ئەڭ يۇقىرى ئەۋجىدە ئىپادىلەش مۇمكىن ئىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ساكيامۇنىنىڭ دادىسى ساكيامۇنىنىڭ بۇددىزىم يولىغا مېڭىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئوردا گۈزەللىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ، ئۇنىڭ رايىنى بۇرىماقچى بولغان. قىزىلدىكى 76-، 84-، 99-، 110-، 118-، 175- كېمىرلارغا يۇقىرىقى تېمىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان.

قىزىلدىكى 110-كېمىردە ساكيامۇنىنىڭ كېچىدە ئۇخلاۋاتقان ئايالى ۋە ئوردا كېنىزەكلىرى ئارىسىدىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن «ياسۇدىھارانىڭ ئۇخلىشى» ناملىق تام رەسىمدە ئۇيقۇدىكى ئايالالار يالىڭاچ، ئەۋرىشىم، يېتىق ھالەتتىكى ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە سىزىلغان.

قىزىلىدىكى 76 ـ كېمىردە ساكيامۇنى ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ئالۋاستى گۈزەل ئۈچ قىز سىياقىدا كۆرۈنۈپ، يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپ تەبەسسۇم قىلغانلىقى، ساكيامۇنىنىڭ ئۇلارنى ھېكمەت بىلەن ئۈچ قېرى ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. تام رەسمى ئۈچ ئۇسسۇلچى قىزنى ئۈچ قېرىغا نىسبەتەن گۈزەل، تولغان، يالىڭاچ قىياپەتتە گەۋدىلەندۈرگەن ...

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر قەدىمكى كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى گۈزەللىك ۋە سەنئەتنىڭ كۆپ قىرلىق ئۆتتۈقى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەينى زامان بۇددىزم ئېستىقامەتلىرىدە راھىبلارنى جىسمانىي گۈزەللىكنى كۆزدە كۆرۈپ، دىلدا كۆرمەسلىك، سەزگۈ ئەزالىرىنى جىسمانىي گۈزەللىكتىن قاچۇرۇپ چېنىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلىشتەك دىنىي مۇددىئاسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئىككىنچى خىلى كۇسەن خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە ئوردا ئۇسسۇللىرىدىن ئىبارەت. ئەينى زامان كۇسەن ئۇسسۇللىرىدىن داپ بىلەن ئوينىلىدىغان ئاياللار ئۇسسۇللىرىغا ئىچكىرى ئۆلكىدىكى تاماشىچىلار ئومۇملاشتۇرۇپ «ئۇيغۇرلارنىڭ پىرقىرىما ئۇسسۇلى» دەپ نام بەرگەنىدى. «قامۇسنامە» دە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئۇسسۇل يالغۇز ياكى ئۈچ ـ تۆت ئايالنىڭ ئويۇنىشى بىلەن ئورۇندالغان بولۇپ، ئۇسسۇلچى زەرباب يەڭلىك قىزىل نىمچا، يېشىل تاۋار تامبال، قىزىل ئۆتۈك كىيگەن.

بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «پىرقىرىما ئۇسسۇلچى قىز» ناملىق شېئىرىدا:

«پىرقىرىما ئۇسسۇلچى قىز، پىرقىرىما ئۇسسۇلچى قىز،
دىلى تەڭكەش پەيتارىغا، قولى چوشقەن داپتىنمۇ تېز.
چىچەك چېچىپ ئۇچقان قاردەك پىرقىرايدۇ تاپماي تىنىم،
داپ تارىنىڭ ناۋاسىدا كۆتۈرۈلۈپ قولى ئېگىز.»

دەپ يازسا، يۈەن جېڭ شۇ ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«پىرقىرىما ئۇسسۇلنىڭ مەنىسىنى بىلمەس كىشى،
سىياقىنى تەسۋىر قىلىپ بېرەلمەيمەن سىزگە بىراق.
ئۆز ئىزىدا بوران بولۇپ پىرقىرىغان نىلۇپەرنىڭ،
يالتىرىشى چۆرگىلىگەن تەخسە ياكى پانۇس چىراغ.
نۇر چاقناتسا ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭگىدىكى بېزەك ئېگىن،
يالت ـ يۇلت قىلىپ ئۈنچە ـ مارجان چاچار ئۇچقان يۇلتۇز سىياق.
قۇيۇن بولۇپ كەڭ بوشلۇقتا دولقۇن ياساپ ئوينار ئۇسسۇل،
تەھتى دېڭىز ئۇچقۇنلىرى قوزغىغاندەك دولقۇن شۇ چاغ.»

بۇ خىل ئۇسسۇلنىڭ ئەرلەر ماھارىتى بىلەن ئوينالغان نۇسخىسىنى ئەينى زامان تاماشىبىنلىرى «ئۇيغۇرلار تاقلىما ئۇسسۇلى» دەپ ئاتاشتى. بۇ خىل تاقلىما ـ سەكرىمە ئۇسسۇل ھازىرقى ئۇيغۇر ئەرلەر ئۇسسۇللىرىدەك پوتا باغلاپ، كۆڭلەك پېشىنى قايرىپ، ئۆتۈك ۋە دوپپا كىيىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، پىرقىراپ ـ دەسسەپ، تېز قويۇپ، بىر قولىنى بەلگە، بىر قولىنى باش ئۈستىگە ئالىدىغان ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتنىڭ پۈتۈن جەريانى بىلەن ئوخشاش بولغان.

لى رۈي ئۆزىنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىدا بۇ ھالەتنى تولىمۇ روشەن تەسۋىرلىگەن:

«لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسسۇل ئوينىغان،
قاڭشار بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپپاق قاشتاشسىمان.
يەرگە تېگىپ سۆرىلىپ تۇرسا شۇڭدەك پوتىسى،
كاناپ كۆڭلەك پەشلىرى قايرىلىپتۇ ئىككى يان.
چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆز تىلىدا شۇئىرلاپ،
كۆكرەك سىلاپ، يەڭ تۈرۈپ چۈشتى ئۇسسۇلغا شۇئان.
..........
قاش ئۇچۇرۇپ، كۆز ئېتىپ شىرداق كىگىز ئۈستىدە،
مارجان بۆكى يېنىدىن ئاقتى تەرلىرى راۋان.
يالتىرىدى ئۆتۈكى يوروق چىراغ ئالدىدا،
مەست كىشىدەك ئۆزىنى تاشلىغاندا ھەر تامان.
پىرقىرىسا، تېز قويسا، چوشەر چالغان پەدىگە،
بەلگە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان.»

چوڭ پەدىلەرگە ئوينىلىدىغان نەپىس، لەرزان، لىرىك ئۇسسۇللاردىن ئەينى زامان ئىستېمالدا كۇسەنلىك بومانىدا (ماندا ئاقارى) مۇزىكىسىغا ئوينالغان «باھاردىكى بۇلبۇل ناۋاسى ئۇسسۇلى» بىلەن «رومال ئۇسسۇلى» ئايالار ئۇسسۇلى ئىدى. «مۇزىكا ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە، ئۇسسۇلچى قىز ئۈستىگە سېرىق يىپەك كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە قىزىل يىپەك گۈل چەككەن پوتا باغلاپ، بېشىغا گۈللۈك تاج قاداپ، بۇلبۇل قىياپىتىدە ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. بۇ ئۇسسۇل ھەققىدە چاۋشيەنىڭ «بەزمە ـ زىياپەتكە كىرىش قائىدىلىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق نەزم قىلىنغان:

«ماڭىدۇ ئاي ئاستىدا قەد ـ قامىتى گۈل نازىنىن،
ئۇچىدۇ ئۇسسۇل چېغى شامال قوچۇپ نازۇك ئېگىن.
كۆرسە شاھلار مەھلىيا بولماي تۇرالماس ھېچقاچان،
بەك ھۆزۈر گۈل ئالدىدا تۇرغان سىياقى ھەممىدىن.»

«رومال ئۇسسۇلى» خۇددى ھازىرقى «نىم پەدە» ئۇسسۇلىدەك دەسلىپىدە ئۇسسۇلچى تاماشىچىلارغا ئارقىسىنى قىلىپ، ئاندىن ناز بىلەن قىيا بېقىپ، پۈتىدا

ئاستا چېكىپ دەسسەپ، يەڭلىرىنى ئۆچۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈش بىلەن باشلانغان. بەش دەۋر(907ــ960ـ يىللار) رەسسام گۇخۇڭجۇڭ سىزغان «خەن شىزەيىنىڭ كەچكى زىياپىتى» دېگەن رەسىمدە ئۇيغۇرچە رومال ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. قايناق ساز ۋە تەمكىن ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت بىلەن داۋام قىلىدىغان بۇ ئۇسسۇل ھەققىدە بەي جۈيى مۇنداق يازغانىدى:

«تارى، نەي چاۋاك ئىچىدە شايىسى ئويناپ تۇرار،
تاكى نەغمە پۈتكۈچە رومالچى نازۇك تولغىنار.
ئەيلىگەچ رومال كۆينىڭ پەردىسى دىللارنى شاد،
پەستىكى سانسىز قېرىلار ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرار.»

كوللېكتىپ مەشرەپ ئۇسسۇللىرى ۋە ھەر خىل قىزىقارلىق نىقابلىق ئۇسسۇللار ھەققىدىمۇ تاڭ دەۋرى شائىرلىرى گۈزەل نەزمىلەر يېزىشتى. چېن سىن ئۆزىنىڭ «بەشبالىق ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرىدا بۇ ئۇسسۇلنىڭ شىنجاڭدىكى مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئۆچۈرۈپ كۆڭلەك ئۇسسۇلغا چۈشمەكى گويا پەرى،
قانچە كۆرسەكمۇ يەنە بەرگەي يېڭى ھېس ھەر بىرى.
..............................
بۇ جاھان رەققاسلىرى بىلدى ئۇسسۇل ئويناشنىلا،
قامىتى خۇلقى جەھەتتە ئاڭا يەتمەس ھېچبىرى.»

شىر ئۇسسۇلى نىقابلىق ئۇسسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، كۇسەننىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى ئىدى. بەي جۈيى بىلەن يۈەن جېن ئۆزلىرىنىڭ «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» سەرلەۋھىلىك شېئىرلىرىدا شىر قىياپەتلىك نىقابلانغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرى توغرىسىدا توختالغان.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، كۇسەن بۇددا كېمىرلىرىدىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر بىلەن يەر ئاستىدىن چىققان ئاسار ئەتىقىلەرگە سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ۋە يازما مەنبەلەردە تەسۋىرلەنگەن ئۇسسۇللۇق بايانلار بىردەك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ بىلەن يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن كۇسەن ئۇسسۇللىرى ھەققىدىكى شېئىرلارمۇ بىردەك بولغان.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن باشقا يەنە، «سۇينامە . مۇزىكا تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، « قامۇسنامە»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە قامۇسى» قاتارلىق كىتابلاردا كۇسەن سەنئەتچىلىرىنىڭ كىيىنىشى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلگەن: چېكىسىگە قىزىل يىپەك ياغلىق چېگىپ، بېشىغا قارا تاۋار ياغلىق ئارتقان؛ ئۇستىگە قىزىل تاۋار نىمچا ياكى ئاق زەرباپ كەمزۇل، ئەرلىرى زەر ياقا تون كىيگەن. بەزىدە ئاق گۈل چېكىلگەن ئىتەكلىك قىزىل ياكى سۇس ئىشتان كىيگەن. ئەرلىرى قارا ياكى قىزىل ئۆتۈك، قىزىل قىيىش كەمەر تارتقان. گۈللۈك بۆك (دوپپا) كىيگەن. چاچ قىسىدىغان زىننەتلىك قىسقا، پىستانلىق تاراق، ھالقا ۋە ئۈزۈك قاتارلىق زىبۇ-زىننەت ئەھۋاللىرىمۇ خاتىرىلەنگەن .

1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى «كۇسەن ئۇسسۇلى» ناملىق ئۇسسۇللۇق دىرامىنى ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ ئۇسسۇلدىمۇ يالغۇز ئۇسسۇل ئاساس قىلىنغان ئەمەس. «كۇسەن ئۇسسۇلى» ناملىق بۇ ئۇسسۇللۇق دىراما ئەينى يىللاردا كۇسەنگە كەلگەن چاڭئەن، رىم، ئىران سودىگەرلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالغان كۇسەنلىك مېھماندوست ساھىبخانىنىڭ ھەرخىل «كۇسەن ئۇسسۇللىرى»نى مېھمانلارغا ئويناپ بېرىشى ۋە بىر قىسىم كۇسەن سەنئەتچىلىرىنىڭ تەكلىپ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سەپەرگە چىقىشىنى سۈژەت قىلىپ ئىشلەنگەن.

«كۇسەن ئۇسسۇلى» ناملىق بۇ ئۇسۇللۇق دىرامىنىڭ قىممەتلىك يېرى ئۇنىڭ دىراملىق تۈزۈلۈشىدە بولماستىن، ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشىدە گەۋدىلەنگەن. تارىخ تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇش خەۋپىگە يولۇققان رەڭگارەڭ كۇسەن ئۇسسۇللىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، ئۇنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىدۇر.

دېمەك، تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن ۋە قەدىمكى كۇسەن رەسساملىرى تەرىپىدىن تاشكېمىرلارغا سىزىپ قالدۇرۇلغان تەسۋىرىي كۇسەن ئۇسسۇلى تەركىبىدە قىسمەن يالغۇز ئۇسسۇل ئامىللىرى بولغاندىن تاشقىرى، «پىرقىرىما ئۇسسۇل»، « تاقلىما ئۇسسۇل»، «رومال ئۇسسۇلى»، «نىقابلىق ئۇسسۇل»، « باھاردىكى بۇلبۇل ناۋاسى ئۇسسۇلى »... دېگەندەك كۆپ خىل ئۇسسۇل شەكىللىرىمۇ بولغان بولۇپ، يالغۇز ئۇسسۇل ھەرگىزمۇ كۇسەن ئۇسسۇلىنىڭ جەۋھىرى، ماھىيەتلىك شەكلى ئەمەس.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەقلىمىز بىلەن دەڭسەپ كۆرسەك، يالغۇز ئۇسۇل داڭلىق رەسساملىرىمىز «كۇسەن ئۇسۇلى» ماركىسى بىلەن داستىخانغا يېيىپ يۈرگۈدەك ياخشى ئىشمۇ ئەمەس!! ...

داستىخانغا يايايلى دېسەك، كۇسەن يازما خاتىرىلىرىدە، پاختەك چاغلىق ئۈششاق جانىۋارلار ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ، ئۆلۈپ كېتىشىگە كۆزى قىيماي،بۇركۈتكە ئۆز تېنىدىن گۆش كېسىپ بەرگەن ئاقارى پاكىتەك ئادىل پادىشاھلار؛ بۇددا مۇتەپەككۇرى، مائارىپچىسى ۋە تەرجىمە پىرى كومىراجىۋادەك ئەللامىلەر؛

ئۇيغۇر مۇزىكچىلىقىنىڭ ئۇل تېشىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ئوتتۇرا ئۇزلەكلىك، ھەتتا ھىندىستان، ياپونىيە، چاۋشيەن، ئىران، بىرما ... قاتارلىق چەت دۆلەتلەرگىچە كېڭىيىشىگە ئاساس سالغان بۈيۈك كۈي پېشۋاسى سۇجۇپ، ئاقارى ماندا؛ كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ يېتۈك ۋارىسى نىساخان ئانا؛ ساماۋەر ئۇسسۇلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراچىسى تۇردى خىيۋا؛ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ موھىم سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان ھامۇت ھاجى، ئابلىمىت مەخسۇم، تۇنجى مۇئەللىمە سوپىيە ئىبراھىم ئاكىيىۋا ... قاتارلىق تىللاردا داستان بولغۇدەك سانسىزلىغان نامايەندىلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەجەبا، شۇلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتساق بولامدىكەن ؟!! ...

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئالاھىدە گۈزەل سەنئەت سارايلىرىدا ساقلانغانلىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ياخشى ئەسەر بولۇپ كېتىشى ناتايىن ...

يېقىندىلا بېيجىڭدىكى بىر كۆرگەزمىگە قاتنىشىپ كەلگەن بىر زىيالىي دوستۇم ئۇھسىنغان ھالدا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيىدا مەركىز رەھبەرلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كۆرگەزمە كۆرۈۋاتقان دوستۇم، رەھبەرلەرنىڭ توساتتىن بىر پارچە رەسىمگە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال دىققىتىنى شۇ رەسىمگە ئاغدۇرغان ئىكەن، مىللىيچە چىراي، كىيىم - كېچەك، مەردانىلىقتىن قىلچە ئەسەرسىز، چىرايىدىن خۇنۇكلۇك يېغىپ تۇرغان بىر غىلجەك يىگىت بىلەن يەڭسىز كۆڭلەك كىيگەن، كۆكسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمى ئوچۇق، چاچلىرىنى سالۋارىتىۋالغان بىر شالالاق قىزنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتقان رەسىمى بولۇپ، رەسىم ئاستىغا «ئۇيغۇر ياشلىرى» دەپ ئىسىم قويۇلغان ئىكەن. شۇ چاغدا دۆلەت رەھبەرلىرىدىن بىرى دوستۇمغا سىرلىق بىر سوئال نەزەردە قاراپ: «بىزنىڭ قىز - يىگىتلىرىمىز مۇشۇنداق بولۇپ كەتتىما؟» دەپ سورىغان ئىكەن، دوستۇم نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي، قىزىرىپ، تاتىرىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپتۇ ...

شۇڭا، خەلقئارالىق مۇكاپات تەسىس قىلغۇچى ئاپپاراتلارنىڭ نىمىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىشىدىن قەتئىينەزەر بىزدەك دېھقىنى كۆپ، ئىزدىنىش ئىچىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتكە نىسبەتەن خەلقچىللىق، يەرلىك خۇسۇسىيەت ۋە مىللىي روھنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساسىي ئۆلچەم، چىقىش نۇقتىسى قىلىش ئەڭ ئەقىلغە مۇۋاپىق تاللاش، دەپ قارايمەن.

قانداق ئوبراز يارىتىشلا ئەمەس، نېمىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، نېمىنى ئىپادىلەشمۇ سەنئەتكارلاردىن يۇقىرى بەدىئىي دىت تەلەپ قىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە ئۇستاز رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە تۇنجى قۇرۇلغان، دۇنيادىكى 210 كوئىزى ئىنستىتۇتى ئىچىدە «ئەڭ مۇنەۋۋەر 20 ئىنستىتۇت» نىڭ بىرى بولغان ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت كوئىزى ئىنستىتۇتىدا نەق مەيداندا كۆرسەتكەن يۈكسەك تالانتى ھەرقانداق بىر سەنئەتكارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ: ئۆزبېكىستانغا گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇشقا كەلگەن شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، ئۇستاز رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندى 2008 - يىلى 9 - يانۋار چۈشتىن كېيىن، تەكلىپ بويىچە ئۆزبېكىستاندىكى چەت ئەللىكلەرگە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان بىردىنبىر ئالىي بىلىم يۇرتى — تاشكەنت كوئىزى ئىنستىتۇتىغا كەلگەن . «يېشى 74 تىن ئاشقان غازى ئەھمەد تەكلىپ بويىچە سۆزگە چىقىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىپ، قىسقىچە سۆزلىگەندىن كېيىن، كۆپچىلىككە نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسەتكەن ... ئۆمرىنىڭ 56 يىلىنى جوڭگوچە رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، 40 نەچچە يىل مۇشۇ ساھەدە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىسى بار جۇڭگودەك بىر چوڭ دۆلەتتە ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقان غازى ئەھمەد ئاكا شىنجاڭدىلا تەييارلىۋالغان تاۋارلىق قەغەزگە ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ پارچە ئەسەرنى پۈتكۈزگەن: ئۇنىڭ بىرى، ئەرەبچە ھۆسنخەت، قالغان ئىككىسى جوڭگوچە رەسىم بولۇپ، ‹پامىردىكى قوتاز›، ‹پەرۋاز› ناملىق بۇ ئىككى پارچە ئەسەر ئەلچىخانىدىكىلەر ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى كۈچلۈك بەدىئىي زوققا ئىگە قىلغان بولسا، ‹ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگوغا بېرىڭلار!› دېگەن بۇ ھۆسنخەت كۆپچىلىكنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن... غازى ئەھمەت ئاكىنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرغان باش ئەلچى يۇ خوڭجۈن تەسىرلەنگەن ھالدا:

— ئۇستاز غازى ئەھمەد بىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇردى. بۇندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرىمىز بۇنداق ئۇستازنى ئۆمرىدە كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن، — دېگەن.» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2008 - يىللىق 3 - سان 71 - 72 بەتلەرگە قاراڭ )

دېمەك، بۇ يەردە ئۇستاز غازى ئەھمەد قىسقىغىنە ۋاقىت

ئىچىدە بىر تەرەپتىن، ئىككى پارچە رەسمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل سەنئەت ماھارىتىنى نامايان قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆسنخەت ئەسرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي (دىپلوماتىيە) ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇستاز غازى ئەھمەدنىڭ «مۇقام»، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «جىنايى ھۆكۈم»، «مەلىكە ئامانىسا» ... قاتارلىق ماي بوياق ئەسەرلىرىدە بالقىپ تۇرغان روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرمۇ كىشىنى ھەققىي سۆيۈندۈردى.

سەنئەتكارلار مىللىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى، مەدەنىيەت دالاسىدا ئات چاپتۇرۇپ يول ئاچىدىغان ئوت يۈرەك، غەيۇر سەركەردىلەر... خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسى، مەدەنىيەت كەملىكى، ئېچكى تىنىقلىرى، يۈرەك تېۋىشى، گۈزەللىك ـ رەزىللىك قارىشى تومۇرىدا شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئۈزلۈك مېلودىيەسى، خۇشاللىق كۈلكىسى ۋە ئاچچىق تولغاقلىرى سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىغا باي مول ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مەلۇم مەنىدىن، باشقىلار بىزنى ئاشۇ سەنئەتكارلىرىمىز ياراتقان ئوبرازلار ئارقىلىق تونۇيدۇ، چۈشىنىدۇ. ھەتتا داڭلىق رەسساملىرىمىزنىڭ بىر پارچە ئەسىرى شۇ مىللەتنىڭ ئوبرازىغا، كەملىكىگە، پاتېنتىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە، سەنئەتكارلىرىمىز ئالدى بىلەن ئۆزىدە كۈچلۈك ئېتىقاد ۋە غۇرۇر ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى ھەم باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغىمۇ ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى؛ شۇنىڭدەك، ئىجادىيەتتە نوقۇل ھالدا «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن تەشەببۇسنىلا، بەدىئىي ئۈنۈمنىلا (خەلقىمىزنىڭ ئەسىرىڭىزدىن سۆيۈنۈپ، چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ كۈلگەن بىر قېتىملىق مەمنۇنىيەت كۈلكىسى سىزگە بېرىلگەن ھەققىي، تەڭداشسىز مۇكاپات!) قوغلاشماسلىقى؛ ئىجادىيەت خۇرۇچىنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئانا تۇپراقتىن ئېلىشى؛ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇقامى ئاۋامنىڭ تىنىقلىرى، يۈرەك تېۋىشى بىلەن ماس گارمونىيە ھاسىل قىلىشى، نېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نېمىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىشى؛ خەلقىمىز پەخىرلىنىدىغان، مىللەت ۋۇجۇدىدىكى ئومۇملۇققا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ روھىغا ئىلھام بولىدىغان، ھەقىقىي يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە يارقىن نۇقتىلارنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيەسى، روھىيىتىدىكى زىل مەسىلىلەرگە، نازۇك زىددىيەتلەرگە، غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئايرىملىققا قارىتا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشى لازىم.

بىز ئۆزىمىزنى باشقىلارغا قانداق تەشۋىق قىلساق، باشقىلارمۇ بىزنى شۇنداق چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەت سېپىدىكى زىيالىيلىرىمىز، جۈملىدىن رەسسام ۋە ئۇسسۇل رېژىسسورلىرىمىز، شۇ نۇقتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى زۆرۈركى، يۇرتىمىز شىنجاڭ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»، ئەمما، ئۇ يالىڭاچ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلارنىڭ ماكانى ئەمەس! «ئۇيغۇر قىزلىرى ھەقىقەتەن گۈزەل»، ئەمما، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك ئەخلاق ـ پەزىلەت، شەرم ـ ھايا، لاتاپەت، سۈلكەت... يۈكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەن ھەقىقىي چىن، ھالال گۈزەللىك، ھەرگىزمۇ باشقىلار ئۈچۈن ئەرمەك، قونچاق بولىدىغان، ئېپىتى نومۇسسىزلارچە ئاياغ ئاستى قىلىنىدىغان شاللاق، ئالۋۇن گۈزەللىك ئەمەس!!

«بىقىملىق گۇمراھلىققا قارىغاندا، ئاچچىق ھەقىقەت ئەۋزەل.» (بېلىنىسكىي) ھەقىقەتنى ئالقىش، تەنتەنىلەر بىلەن ياساپ چىقىلى بولمايدۇ، ھەقىقەت نوپۇزىغىمۇ بىقىنمايدۇ، بەلكى، ھەققانىيەت ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي، دارغا يۆلىنەلىگۈدەك تەۋرەنمەس جاسارەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاخىرىدا يەنە سەنئەتكارلىرىمىزغا شۇنداق خىتاب قىلىمىزكى، «سەنئەتكار — مىللىي مەدەنىيەتنىڭ غۇرۇرى، سەنئەتسىز مىللەت — سەنئەتكارسىز مىللەت. سەنئىتى ئۆزقىممىتىنى، سەنئەتكارلىرى ئۆز لاياقىتىنى تاپالمىغان مىللەت — سەنئەتتە ئاداشقان مىللەت. سەنئەتكارلىرى ئاداشقان مىللەت—ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان مىللەت، پالاكەت ۋە ئاپەتكە، قۇربان بېرىشكە يۈزلەنگەن مىللەتتىن ئىبارەت.» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

2009 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال، كۇچا

## پايدىلانمىلار


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەسەرلىرىدىن:

«ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى (ئون ئىككى مۇقام) ھەققىدە»

«يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»

4. «قاتلاملىق ئېستېتىكا»


ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە



# تۆل موماي ۋە چېرىك ئۇنسۇر

**ئوسمان زاهىر**

«يەري، دېسە يۇقىرا بېغىدىن پادىشاھ بىر ئالمىنى،
يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى غالچىسى.
كۆرسە سۇلتان بەش توخۇمغا زورلۇق ئىلىشنى راۋا،
مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي لەشكىرىدىن قانچىسى.»
— شەيخ سەئدىي («گۇلىستان»)، (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)

مەلۇم بىر يېزىدا بىر تۆل موماي ئۆيىدىكى توك سائىتىنى يۆتكەپ بېرىش ھەققىدە توك باشقۇرۇش خادىمىغا هال ئېيتسا، ئۇ تىكەندەك يالغۇز تۆل مومايغا بىر دانە يەرلىك مېكىيان تەييارلاپ قويۇش ھەققىدە «كۆرسەتمە» بېرىپتۇ. كونا چەينىكىگە بىر تال تۇخۇم سېلىپ پىشۇرۇپ يېيىشكە قورسىقى ئاغرىپ، قاقتەك قورۇلۇپ ياشاۋاتقان تۆل مومايدىن نېسۋە تەمە قىلغان قارايۈز مەخلۇققا نەپرىتىم تېشىپ تۇرغاندا، يول كۆرسىتىپ قويغانىمۇ پۇل تەلەپ قىلىدىغان قىزىلكۆزلەر جەمئىيەتتە پەيدا بولدى.

ئۆزۈمنى بىلسەم بىر توپ «باشقۇرغۇچى»نىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە ياشاپ كەپتىمەن. باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە ئۇلار باشقۇرۇلۇپ كەلدىم. ئىدىيەمنى مۇئەللىم كونترول قىلسا، غايەمنى ئاتا-ئانام بېكىتىپ بەردى. كىچىككىنە يۈرىكىمدىكى بوشلۇق بارغانسېرى تارىيىپ بارماقتا ئىدى. تەييارلىق سىنىپقا ئانام يۇدۇپ ئەپكىرىپ قويغىنى خىرە ئېسىمدە. شۇندىن بۇيان سالاپەت ۋە سالاھىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن هالدا سەھنىگە چىقىۋالغان ئادەم نېمە دېسە، تەڭ تىۋۋلاپ، تىللىغانىنى تىللاپ، داڭلىغانىنى داڭلاپ ئۆتۈپتىمەن. جۇڭگودا «مەنسەپدارنىڭ بالىسى مەنسەپدار بولىدۇ» دېگەن ئىدىيە ئاللىقاچان ئەخلەتخانىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىل داۋامىدا شەكىللەنگەن مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتى ئالاھىدە بىر توپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئومۇمەن سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تەگكەنچىلىك مەنسىپى بارلىكى ئادەمنىڭ تۇرمۇشى پۇقرانىڭكىدىن پەرقلىق. پارىخور مەنسەپدارلار ئۆزۈقلۇق ئېشىپ كېتىش خاراكتېرلىك قان بېسىم يۇقىرىلىقىغا گىرىپتار بولسا، نامرات پۇقرالار ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك خاراكتېرلىك قان ئازلىقىغا گىرىپتار بولىدىكەن. خىيانەت قىلغان پۇلنى يىغىشتۇرالمىغان مەنسەپدار ئايروپىلان بىلەن رايون ئاتلاپ قىمار ئوينىسا، قىشتىن ئۆتەلمىگەن دېھقان رايون ئاتلاپ

## دەيمۇ، دېمەيمۇ

قەرز ئالىدۇ. مەنسەپ ئۈچۈن ئايالنى مەنسەپدارلارغا يەمچۈك قىلىپ بەرگەن بىر لاتا غىلاپ ئەر ھەققىدە ئاڭلىغىنىمدا، مەنسەپخۇمارلىقنىڭ، ئەخلاقنىڭ، ئادىمىيلىكنىڭ ئاخىرقى چېگراسىنى بۇزۇشقا ئۆلگۈرگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم.

بىر خەنزۇ ئوبزورچىسى «مىڭلىغان داچىنىڭ ئۆزىلا پاش قىلىش خېتى ئەمەسمۇ» دېگەن ئىكەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىرىكلىكنى تۈگىتىش ھەققىدە قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، تۈن چاشقانلىرى «پۇت يۇيۇش»تەك ۋاستىلەر بىلەن يەنىلا بەدىنىنى ئۇۋۇلىتىپ، خېنىملارنىڭ قۇچىقىدا شېرىن چۈشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ھەيۋەتلىك شوئار ئاستىدا بەزى قىزىلكۆز خۇمپەرلەر قاتتىق- يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن پۇقرانىڭ بوپا- تۈگۈنچەكلىرى ئارىسىدىكى ئاخىرقى تىرىكچىلىك دەسمايىلىرىنىمۇ ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مەلۇم جايدىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر قىيىنچىلىقتا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ھىممەت قىلىپ، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندە، مەكتەپ بۇ پۇلنى ئوقۇتقۇچىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن بىر ئىش يۈز بەرگەن ئىدى. كەينىدىنلا مەلۇم يېزىدا نامرات ئائىلىلەرگە ئىئانە قىلىنغان كىيىم- كېچەك، يوتقان- كۆرپىلەرنىڭ يېڭىلىرىنى كادىرلار ئېلىۋېلىشتەك نومۇسسىز ئىشتىن بىرى مەيدانغا چىقتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپ ئىش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلغاندىن سىرت، ئېرىشىدىغان نېسىۋىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئايرىلغان. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش قەبىھ ئىش قاتارىدا سانىلىپ كەلدى. ھەرقايسى دىن، ھەرقايسى مەزھەپ ئىچىدە بۇ كۆز قاراش ئورتاق بولغان. قەدىمكى ئەرەب ئۆلىمالىرىدىن بىرى زىيارەت داۋامىدا يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يەپ قېلىشتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن.

قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ بىرى بولغان قۇمۇل قارادۆۋىدە مۇنداق ئېسىل ئادەت ھېلىغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە: بىغى بار كىشى باغنىڭ تېمىدىن سىرتقا ساڭگىلىغان مېۋىلەرنى يولۇچىلارنىڭ ھەققى دەپ يىغىۋالمايدىكەن. قوشنىسىنىڭ بېغىغا ساڭگىلىغان مېۋىلەرنى قوشنامنىڭ ھەققى، دەپ قارايدىكەن. پەزىلەت ئىگىلىرى ئۆلۈمگىمۇ ئىززەت بىلەن تەييارلىنىدۇ. «پوق نەدە بولسا چىۋىن شۇ يەردە» دېگەندەك، ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشتىن سىرت نېسىۋە ماراپ ئۆگىنىپ قالغان «مولۇن مۈشۈك»لەرنى ھەر قايسى ساھەدىن ئاندا- مۇندا تاپقىلى بولىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، تۇل مومايدىن مېكىيان تەلەپ قىلغان توك باشقۇرۇش خادىمى بەلكىم ھازىرغىچە مەن ئاڭلىغان دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن پارىخور، مېكىيانمۇ بەلكىم تارىختىن بۇيانقى ئەڭ كىچىك پارا بولۇشى مۇمكىن.

ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئىشى چىققاندا ئۆزىنىڭ شامىنى، ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرگەندە ھۆكۈمەتنىڭ شامىنى ياندۇرغان. بىر قېتىم ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىۋاتقاندا قىزى كۆرۈشكىلى كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ھۆكۈمەت شامىنى ئۆچۈرۈپ، شەخسىي شامنى ياندۇرۇپ قىزى بىلەن كۆرۈشكەن.

بىر يۇرتتىكى كىشىلەر ئىنتايىن ئىناق بولۇپ، خەقنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقىدىكەن. ئۇلار ياراتقۇچىدىن نېمە تىلىسە دۇئاسى دەرھال ئىجابەت بولىدىكەن. كېيىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشكەن بىر رەزىل نىيەت مەنسەپدار ھەممەيلەننىڭ بىردىن تۇخۇم ئېلىپ كېلىشىنى جاكارلاپتۇ. تۇخۇمنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممىنى بىر يەرگە دۆۋىلەشنى بۇيرۇپتۇ. تۇخۇم تاغدەك دۆۋىلەنگەندىن كېيىن ھەممەيلەننى ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. نەتىجىدە بىرىنىڭ تۇخۇمى بىرىنىڭكىگە ئالمىشىپ، بىرىنىڭ ھەققى بىرىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ يۇرتتىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

يېقىنقى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ناھىيەلىك پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ ئۆلگىسى «جياۋيۈلۇ» دەك كىشىلەر تۇركۈملەپ چىققان. ئۇ چاغلاردا خەلققە ئۆلگە تۇركۈملەپ تېپىلغان. پارتىيە ئەزالىرى چاقىرىقسىزمۇ ئىلغارلىقنى ساقلىيالىغان. ئۆلۈم ئالدىدا كونىرىغان قول ياغلىققا ئورالغان موچەنلىك پۇللارنى «بۇ مېنىڭ پارتىيە بەدەل پۇلۇم» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇش كوممۇنىستلارنىڭ پاكلىقى ۋە ئالىيجانابلىقىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى سۈپىتىدە ھېلىھەم تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. يۇقىرىقى ئىبارەت بىر پارچە گۆش مەنپەئەتدارلىق ۋە ئەقىدىسىزلىك قۇرتىدا بۇزۇلسا ئادىللىقتىن ئىبارەت تەڭشەك كېرەكتىن چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن بەزى پارىخور- چىرىك مەنسەپدارلار چەت ئەللەرنىڭ بانكىلىرىغا هارام پۇللىرىنى قويۇۋېتىپ يەنە پاكلىق ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈۋېرىدۇ؟ پارتىيەمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ئىرادىسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئادىمىي چاشقانلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش كۈچىمۇ ماس قەدەمدە ئېشىۋاتىدۇ.

مەنسەپدار بىلەن پۇقرانىڭ ئورتاق تىل تاپالماسلىقى ئەڭ چوڭ پاجىئە. دېھقان بىلەن زىيالىينىڭ بىر ئورۇندا پىكىر ئالماشتۇرالماسلىقى بۇ قوۋمدا ئاڭ جەھەتتىكى ئورتاق يۈكسىلىشنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان قاتىل.

بەزى مەنسەپدارلار ئۆز ئارا ئېغىز- بۇرۇن يالىشىپلا

www.uyghurkitap.com

قالماي، تېخى مەنپەئەتكە كەلگەندە زىددىيەتلىشىمۇ قالىدۇ. ئىچكى ئۆلكىدىكى بىر ساقچىخانىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىنى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ، قاتىل ياللاپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىش شىرلارنىڭ ئوزۇق تالىشىپ بىر ـ بىرىنى بوغۇپ قويۇشىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ.

يەنە ھېلىقى يېزىدا بىر كەنت باشلىقى دېھقاننى ئۇيلىغاننى ئۇيلاپ، سۆزلىگەننى سۆزلەپ دېھقانىنىڭ تون بىلەن تارتۇقلىشىغا نائىل بولدى. بۇ مەن ئاڭلىغان ھەم بىۋاستە كۆرگەن پاك كادىر ھەققىدىكى تەسىرلىك رىۋايەتلىق. ئوتتۇرا شەرقتە ئۆتكەن خەلىپىلەردىن بىرى ئاۋامغا سۆز قىلىۋاتقاندا بىرەيلەن ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇچاڭدىكى تونىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىسەڭ ساڭا ئىتائەت قىلمايمىز.» خەلىپە بۇ تونىڭ ئۆز ئىنىسىنىڭ تونى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى كىشى ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خەلىپە ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغان. يەنە بىر قېتىم بىر خەلىپە بىر كىشىنى مەلۇم ۋىلايەتكە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن، بۇ ۋىلايەتتىكى ئەڭ نامرات ئون كىشىنىڭ تىزىملىكى خەلىپىگە يوللانغاندا قارىسا ھېلىقى ھاكىممۇ ئەڭ نامرات كىشىلەر قاتارىدا ئىكەن. خەلىپە دەرھال ئۇنىڭ خىراجىتىگە 1000 دىنار ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ۋىلايەت ھاكىمى بۇ پۇلنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ دەرھال غېرىب ـ مىسكىنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. مەنسەپدارنىڭ پاكلىقى پۇقرانىڭ مايىللىقى ھەم قايىللىقىنىڭ ئاساسى، دۆلەت ئەمىنلىكىنىڭ ئۇلى. شۇڭىمۇ «پادىشاھلىق كېمىگە ئوخشايدۇ. ئاۋام بولسا شۇ كېمىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى سۇدۇر. ئاۋام غەزەپلەنسە ۋاقتى كەلگەندە كېمىنى ئۆرۈۋېتەلەيدۇ.»

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىتخان ئەدلۇ ـ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، پۇقراچە ياسىنىپ ئەل ئارىسىغا چۆكۈپ ئەلنىڭ يىغىسىغا يىغلاپ، پۇقرالارغا ئاتىدارچىلىق قىلغاچقا خانىش ئامانىساخان ئۇنىڭ ئادىل پادىشاھلىقى ھەم ئەركەكلىكىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ:

ئەي ئۇلۇغ يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ بەردىڭ،
پەقىر ـ مىسكىنگە ئابدۇرەشىتخانىنى پاناھ قىلدىڭ.

دەپ غەزەل يازغانىدى.

ھەرقېتىم ئاشۇ ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ، يوقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكلەرنى ئوپقان قورسىقىغا نورمىسىز تىقىپ، قارتا ئويناشنىمۇ خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزۈۋالغان، باداڭ قورساق مەنسەپدارلارنى كۆرگىنىمدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى مەلۇم ماقالىدە دېيىلگەن بىر قىسىم دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئورۇقلىقى ھەققىدىكى قۇرلار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

يېزىلاردا كىچىكى ئەترەت باشلىقىدىن تارتىپ چوڭى يېزا باشلىقىغىچە تور شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار بىللە ئوينايدۇ، لېكىن يېزا ياكى كەنت باشلىقى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ، ھەقىقىي ئىنسانىغا خاس مۇناسىۋەت ئورناتقانلىرى يەنىلا ئاز. دېھقان داق يەرىدە يېتىپ تاپقان پۇللار چىرايلىق «بوك» كىيگەن رەسمىيەتلەر ئارقىلىق سۈغۇرۇۋېلىنىدۇ. «ھوقۇق دېمەك ـ پۇل دېمەك، پۇل دېمەك ـ ھوقۇق دېمەك» ناملىق سەپسەتىنىڭ بازىرى چىققىلى خېلى يىللار بولدى. پۇقرالارمۇ ۋايساپ بېقىپ كۆنۈكتى. ئارقا ئىشىكلەر تېخىمۇ مەخپىي ئورۇنلارغا ئېچىلىدىغان بولدى. پۇل كۆتۈرۈپ ئىش بېجىرىش زاماندىن قېلىپ، بانكىدىن كارتىغا يوللىۋەتسىلا ئىش پۈتىدىغان بولدى. ھېچكىم سىزنى پارىخور دېيەلمەيدۇ. بىر يېزىدا چىرىكلەشكەن بىر ئاساسىي قاتلام مەسئۇلىنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى تەكشۈرگەندە دېھقانلار كىشىنى ئويغا سالىدىغان مۇنداق جاۋابنى بەرگەن: گەرچە بۇ ئەمەلدار نۇرغۇن پارا يېگەن بولسىمۇ ئۇنى يۆتكىۋەتمەڭلار. چۈنكى، ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان دېھقانلارنى شۇلۇپ يېنىنى تومىلىدى، قورسىقى تويدى. ناۋادا ئۇنى يۆتكىسەڭلار، باشقا بىرىنى سەمرىتىپ شۇنچىلىك قىلغۇچە دېھقانلارنىڭ نېمىسى قالىدۇ؟

تەختىراۋاندا ئولتۇرغان ئاشۇ جانابلارغا ئىنساب تىلىمىسەك يەنە نېمە ئالامانلار چىقىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ. قارامايدا يۈز بەرگەن زور ئوت ئاپىتى پاجىئەسىدە ئوغۇز سۈتىدەك پاكىز نۇرغۇن سەبىي جان نابۇت بولدى. يېقىندا، بىر خەنزۇچە تور بېتىدە بۇ ۋەقەگە بىۋاستە جاۋابكار بولغان مائارىپ تارمىقىنىڭ مەسئۇلىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلغانلىقى ھەققىدە ماقالە ئوقۇدۇم. بۇ قىسقا يازمىدا شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار بىر قۇر بايان قىلىنغان ھەم تالاپەتنىڭ شۇنچە ئېغىر بولۇشىدىكى سەۋەبلەر تەھلىل قىلىنغان. ئوقۇشۇمچە، ئەينى چاغدا سەھنىدىكى پەردىگە ئوت تۇتىشىپ كۆيۈشكە باشلىغان چاغدا مەيدان ئىچى ئۆرتتۆپە بولۇشقان، ئوقۇغۇچىلار كۆيۈۋاتقان ئوتتىن قېچىپ ئىشىككە كەلسە ياخشىچاق ئوقۇتقۇچىدىن بىر نەچچىسى ئوقۇغۇچىلارنى تەرتىپ ساقلاشقا چاقىرغان ھەم «رەھبەرلەر ئاۋۋال چىقىۋالسۇن» دېگەن ئىكەن. نەتىجىدە بىزنىڭ بۇ «مۆھتەرەم جانابلار» خام سېمىزلىكتىن بىر دۆۋە لايغا ئايلانغان تېنىنى جۆندەپ ئىشىكتىن چىققۇچە نارەسىدىلەر ئوتقا يەم بولغان. «باشلىق ئولتۇرۇۋالسۇن»، «باشلىق سىيىۋالسۇن»... دېگەندەك يۇمۇر يوشۇرۇنغان ئىبارىلەر بىكار چىقمىغان.

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئەخمەتجان مۇھەممەد تەرجىمە قىلغان «ئارىلاشتۇرۇۋېتىش» ناملىق بىر قىسقا فېلىيەتون بار. مەلۇم يېزا باشلىقى قىمار

ئويناپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ «تەكشۈرۈشنامە»گە مۇنداق يېزىپتۇ: «ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىم، ئۆزۈمنىڭ پارتىيەلىك كادىر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئادەتتىكى پۇقرالارغا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپتىمەن.» مەزكۇر يېزىدىكى بىر ياشمۇ قىمار ئويناپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ «تەكشۈرۈشنامە»گە مۇنداق يېزىپتۇ: «ئادەتتىكى پۇقرالىقىمنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۆزۈمنى يېزا، ناھىيەدىكى كادىرلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپتىمەن. ئۇلارغا ئوخشاش خالىغانچە يەپ- ئىچىسەم، قىمار ئوينىسام بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن...» جۇڭگو جەمئىيىتى تارىختىن بۇيان چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ كەلدى. ۋەھالەنكى، تارىختا بىر خانىدانلىقنى بىر نەچچە «تۈلۈمچاشقان» قۇرۇقداپ قويغان ئىشلار كۆپ كۆرۈلگەن.

خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىدىكى ۋەزىر يۈەن سەينىڭ ئۆيى تىنتىلغاندا پەقەت قارامۇچنىڭ ئۆزىدىنلا 800 خالتا، ستالاكتىت (بىر خىل ئەتىۋارلىق تاش) تىن 500 سەر تېپىلغان. مىڭ سۇلالىسىدىكى ۋەزىر يەن گاۋنىڭ پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەربىي خىراجىتىگە نەچچە يىل يەتكۈدەك ئائىلە مۈلكى بولۇپ، ئۆيى تىنتىلغاندا 30 نەچچە مىڭ سەر سېرىق ئالتۇن، 2 مىليون سەردىن ئارتۇق ئاق ئالتۇن تېپىلغان. باشقا جاۋاھىراتلارنىڭ سانى ساناقسىز بولۇپ، يوشۇرۇپ قويغانلىرىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمىغان. چىڭ سۇلالىسى ۋەزىرى خې شېننىڭ ئائىلە مۈلكى پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى يىگىرمە يىل قامداشقا يېتەرلىك بولۇپ، پەقەت يېرىمى بىلەنلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىكى قەرزىنى تۆلىۋەتكىلى بولىدىكەن. ئادەتتىكى بيۇروكراتلارنىڭ خىيانەتچىلىك قىلمىشىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئەينى چاغدا يۇقىرى- تۆۋەن ھەممىسى باج ئالغان، خەلقتىن پۇل تەلەپ قىلغان، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا پەتىۋاسى بولغان. قول ئاستىدىكىلەر تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىلى كەلسە «كۆرۈشۈش بېجى»، ھېيت- بايرام كەلسە «بايراملىق پۇل»، مېھمان كۈتۈپ ئۇزاتسا «ئادەمگەرچىلىك پۇلى»، جىنايەتچىنى تۇتقىلى ماڭسا «سەپەر لازىمەتلىك پۇلى» ئېلىناتتى. ئىش باشقۇرغۇچىلار «دائىملىق پۇل»، دەۋا سورىغۇچىلار «ھۆكۈمەت ئىشى پۇلى» ئالاتتى. بىكاردىن- بىكار ئالسا «بەدەل پۇلى» دېيىلەتتى. ھەرقانداق ئىشتا پۇل ئېلىش بىر كەيپىياتقا ئايلىنىپ، دۆلەتكە مۇنقەرزلىك ئۇرۇقى چېچىلغان ئىدى. (خې زۈگسىنىڭ «جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىدىكى كېسەللىكلەرگە تەنقىد» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 2006- يىللىق 3- سان)

نورمال يول بىلەن ھەل بولىدىغان بىر ئىشتىمۇ ئىش بېجىرگۈچى سىزگە پارا بېرىش ھەققىدە ئۇچۇر بەرسە، مەلۇم بىر ئىشىڭىز ھەل بولماي ئۇزىراپ كەتكەن بولسا، دېمەك تەدبىر بەلگىلىگۈچىنىڭ يانچۇقى نېسىۋە تەمە قىلغان بولىدۇ. ئىشىڭىز پۈتكەندە ھېچ بولمىسا ئۇنى بىر ۋاقىتلىق تاماققا تەكلىپ قىلمىسىڭىز كېيىنكى قېتىملىق ئىشىڭىزغا چېچەك چىقىشى مۇمكىن. مەلۇم شەھەردىكى بىر ئەمەلدار نۇرغۇن ئاشنا تۇتۇپ، ئاشنىلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرغان. ئاشنىلىرىنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋالمىغانلىقتىن نومۇر قويغان. چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ دەل مۇشۇ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالغان قۇۋ تۈلكە، جۇڭگونى زىلزىلىگە سالغان شيامېندىكى قىزىل بىنانىڭ خوجايىنى لەي چاڭشىڭ كۈتۈۋېلىش ئۆيىگە بىردىن كامېرا ئورنىتىپ، چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ پاھىشىۋازلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى يوشۇرۇن سۈرەتكە ئېلىپ، پىلاستىنكىنى دەستەك قىلىپ بۇ ئەمەلدارلاردىن خالىغان نەرسىسىگە ئېرىشكەن ئىكەن. قىزىل بىنا ۋەقەسىدە تالاي ئەمەلدارلار موللاق ئاتتى. قىزىل بىنا ۋەقەسى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن چىرىكلىك، ئاشۇ كىشىلەردىكى ئادىمىي پەزىلەتنىڭ چۈكۈشى بىلەن بىرگە ئەمەلدارلارغا بولغان نازارەتچىلىكنىڭ بوششىپ قالغانلىقىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى. ئەمەلدارلارنىڭ تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باللىق دەۋرىدە نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە جان- جەھلى بىلەن ئەمەل تۇتۇش، يوقاتقانلىرىنى تولدۇرۇۋېلىشتىن باشقا ئوي بولمىغان. كاللىدىن ئىبارەت باش ئاپپارات ئىنساننى ياكى چىمەنلىككە ياكى يۇندى ئازگىلىغا باشلايدۇ. بەزى ئەمەلدارلار تېخى ئەينى چاغدا پاكلىقتا نام چىقىرىپ، ئالاھىدە مۇكاپاتلانغان، تېلېۋىزورلاردا پاكلىق ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەنلەر. چىرىكلىك جۇڭگوغىلا خاس ئەمەس، ئەينى دەۋردىكى ئىلىم- مەرىپەتنىڭ مەركىزى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەۋكەتلىك شەھەر بۇخارادىمۇ جازانىخورلار، چىرىك ئەمەلدارلار سەۋەبىدىن خەلق پەرىشانلىق، زەبۇنلۇققا دۇچار بولغان: «سەپەر ئىسىملىك بىر دېھقان ئەتىيازدا ئوغۇت توپلاپتۇ. بىر كۈنى قوشنىسى ئۇنىڭ قىغلىرىنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئۆز ئېتىزىغا چېچىپتۇ. بۇنى ئۇققان سەپەر ئاچچىقلاپ قوشنىسىنى تىللاپتۇ. قوشنىسىمۇ ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ. بىردەملىك تىللىشىش چوڭىيىپ ماجىراغا ئايلىنىپتۇ. شەرىئەت ھاكىمى قازى ھەززەتلىرى 200 تەڭگە مۆھۈر ھەققى ۋە 100 تەڭگە خىزمەت ھەققى ئېلىپ بۇ جېدەلنى ھەل قىلىپتۇ، بىچارە سەپەر مۇھتەسىپلىككە 100 تەڭگە بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر شۇ كۈنىلا ۋالىلىككە يېتىپتۇ، تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلاردىن 200 تەڭگە ئاپتۇ. مىرشاپمۇ 100 تەڭگە ئاپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ بىر چاڭگال قىغ ئۈچۈن بۇ بىچارىنىڭ 600 تەڭگىسىنى شۇ ۋىلايەتنىڭ

توت ئەمەلدارى يەپ كېتىپتۇ.» (ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق تۈركچىدىن نەشرگە تەييارلىغان ئابدۇرائۇف فىتراتنىڭ «مۇنازىرە» ناملىق ئەسىرىدىن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن).

«گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەن ماقالىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك سىقىلىش، ئېزىلىش ئىچىدە روھى سۇنغان مىسكىن نامراتلارنىڭ ئاھى ياڭراپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى باي ئەمەلىيەتتە ئەمەلداردۇر. ئەمەلدار بولغاندىمۇ چىرىكلەشكەن، نامراتلارنى سىغىپ ھالىنى قويمىغان ئەمەلداردۇر. پۇقرا ھەقىقەت ئىزدەپ دەۋا قىلىدۇ. دەۋاسى جاۋابسىز قالىدۇ. ئەمەلدار ئەمەلدارنىڭ يېغىسىنى يىغلايدۇ. پىچاق سۆڭەككە يەتكەن ئاجىز ئەل ـ رەئىيەت ئاخىرى «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دەپ قىيداپ پېشىنى قېقىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئەدلۇ ـ ئادالەت تەمە قىلدى. ئېرىشەلمىدى. ئۆزبېك مۇتەپەككۇرى ئابدۇللا قاھار مۇنداق دەيدۇ: «خەلق پارىخور ئەمەلدارنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ. لېكىن بۇ ئەمەلدار بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمەت ئۈستىلى بولغاچقا، بەزى ھاللاردا تۈكۈرۈك پارىخورنىڭ يۈزىگە يېتىپ بارماي، ئاشۇ تەۋەررۈك ئۈستەلگە چۈشىدۇ.»

سىنىپ تامغىسى بېسىلغان «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەن بۇ ماقالىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغاندەك تۇيۇلسىمۇ، بىراق، دەۋا ـ دەستۇرلىرى چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ تارتىمىسىدىن چىقمايۋاتقان مەزلۇم پۇقرالارنىڭ يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى ئويلىغىنىمىزدا، بۇ ماقالىنىڭ ئەھمىيىتى تېخى تەلتۆكۈس يوقالمىغاندەك تۇيۇلىدۇ. بىراق، «باينىڭ گاچا بالىسى سۆزلىسە ئۇنى كىممۇ چۈشىنەر» دەپ تەشۋىشكە چۈشۈپ قېلىشىمىز تەبىئىي. لېكىن، بىر كۈنلەر كېلىپ گاچا بايۋەچچىنىڭ چۈشىنىكسىز تاۋۇشلىرىنى تۇيۇقسىزلا ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ شۇڭىدىن قارىغاندا بۇ ماقالىنى توغرا دەپ قول كۆتۈرىدىغانلار يەنىلا كۆپ چىققۇدەك.

«غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىن بەزى رېئال مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەش مۇمكىن. ئالۋاستىلار تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن راھىب تاڭسىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان چاغدا ئۇ خەۋپنى ھېس قىلالمايلا قالماي چەمبىرەك ئەپسۇنى ئوقۇپ سۇن مايمۇننى جازالايدۇ. سۇن مايمۇن ئامالسىزلىق ۋە غەزەپ ئوچاقلىرىدا كۆيىدۇ. ھەتتا قوغلىنىدۇ. خەتەر كەلسە چاقىرتىلىدۇ.

بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئىچىدە ئەمەلدارلىق قالپىقى كىيىپ، سۇر ـ ھەيۋە كۆرسىتىدىغانلارمۇ خۇددى تاڭسىڭغا ئوخشاش بولۇپ، قول ئاستىدىكى قابىللارنى ھە دېسىلا «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش»، تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىش ئەپسۇنلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ. خۇشامەتچى ئالۋاستىلارنى ئەتىۋارلايدۇ. لېكىن، يۇقىرىدىن تەكشۈرۈشكە كەلسە ئاشۇ قابىللارنىڭ ئىش ـ توھپىلىرىنى نومۇس قىلماي ئۆزىنىڭ تۆھپىسى ياكى ۋاستىلىق نەتىجىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇن مەزگىل ئەمەلدار بولغان، خەلققە نەپ بەرمەي ھوقۇق كۇرسىنى چىڭداش كويىدىلا يۈرگەن، پۇقراغا سالاممۇ قىلماي ئۆتكەن بىر ئادەم ھوقۇقىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئەلگە قوشۇلالماي ئۆتكەن. پاراڭ سېلىۋاتقان، قارتا ئويناۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قالسا كىشىلەر خۇددى ۋابا كەلگەندەك ئۇن ـ تىنسىزلا باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتكەن، قوشنىدارچىلىق قىلىشمىغان. سالىمىنى ئېلىك ئالمىغان. بۇ بايقۇش ئاخىرى غېرىبلىق، بىچارىلىك ئىچىدە ئەڭ ئەقەللىي قوشنىدارچىلىق ئىللىقلىقىغىمۇ ئېرىشەلمەي خار مايمۇندەك ئۆلگەن. ئەسلىدە ئۇ كۆز بويامچىلىق بىلەن نۇرغۇن قېتىم تەقدىرلەنگەن «ئەمەلدار» ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق شەرەپكە نائىل بولغان ئەمەلدارنى پۇقرا ئەتىۋارلىمىغىنى نېمىسى؟ پۇقرالارنىڭ كۆزى كورمۇ يا؟ تۇرپانلىق بىر دېھقان ئېشىكىنى مىنىپ بىر قوناقلىقتىن ئۆتۈۋاتقاندا ئېشەك يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قوناقتىن بىر چىشلەم، سول تەرەپتىكىدىن بىر چىشلەم يەپ مېڭىپ دېھقاننى بەك جىلە قىلىۋېتىپتۇ. چىدىمىغان دېھقان مۇنداق دېگەنمىش: ھۇ ھارىمى، سەن يا پارىخور سوتچىمىدىڭ، ئىككىلا تەرەپتىن يەيدىغان.

بۇ دېھقاننىڭ يۈرىكى نېمانچە چوڭ؟ قانۇن ئىجراچىلىرىغا ھاقارەت قىلغۇدەك جۈرئەت ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەندۇ؟

بۇ ھەقتىكى چاتما خىياللىرىم ئاياغلاشماي تۇرۇپ، بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ قىزىل چىراغقا دۈچ كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. ماشىنا ۋە ۋېلىسىپىتلىكلەر يېشىل چىراغنى ساقلاۋاتاتتى. شۇ پەيتتە بىر نەچچە مىنىبۇس كەلدى. ئەسلىدە بۇ بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىكەن. قىزىل چىراغنى كۆرۈپ توختىماقچى بولىۋىدى. بايامنىڭ ياقى قاتناش قائىدىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچى ئېگىلىپ تۇرۇپ ماشىنىلارنى قىزىل چىراغنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئەجەبا، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىمەن دەيسەن، ئۆزۈڭ بۇزىدىكەنسەن. بۇ قانداقمۇ قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغدىغانلىق بولسۇن؟ ھېلىقى ماشىنىدىكىلەر مەيلى ھەرقانچە ئەزىز مېھمان بولغان تەقدىردىمۇ، ساقچى ئەقەللىي قاتناش بىخەتەرلىكى نۇقتىسىدىن بولسىمۇ ئۇلارنى قائىدىنى بۇزۇشقا دەۋەت قىلماسلىقى كېرەكتى. چەت ئەللەردە مىنىستىرلارمۇ قاتناش قائىدىسىگە ئەمەل قىلمىسا جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقىنى

ماتېرىياللاردىن كۆرگەنمەن.

ھەممە نەرسىنىڭ تەۋەلىكى ئېنىق ئايرىلىۋاتقان جەمئىيەتتە، زور بىر تۈركۈم باشقۇرغۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ تۈۋىنى گورۇپپا باشلىقى. چىرىكلەشكەن گورۇپپا باشلىقى بىلەن ئۆچەكىشىپ قالسىڭىزمۇ ئىچىڭىزدىن قان كەتكۈزۈۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزۈڭگە تىكىلىشىدىن «توختاپ تۇر، ماۋۇ ھوقۇق بىلەن نوخلاڭنى ئېلىپ قويمىسام گورۇپپا باشلىقى بولماي كېتەي» دېگەن ئىپادىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەينى چاغدا بىر فىرانسىيەلىك پىروفېسسور جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ مەلۇم ئالىي مەكتەپتە لېكسىيە سۆزلىمەكچى بولىدۇ. ئۇ پىروفېسسور بولۇشتىن سىرت مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. يىغىن رىياسەتچىسى ئۇنى «پالانچى ئەپەندى پۈكۈنچى مەكتەپنىڭ مۇدىرى» دەپ تونۇشتۇرغاندا ھېلىقى چەت ئەللىك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ «ياق، ياق، مەن پىروفېسسور» دەپ ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئۇ دېمەكچىكى، مەن ئىلمىي ئادەممەن. مېنىڭ ئەمەل تۇتۇشۇم باشقا ئىش. دېمەك، بۇ يەردە ئۆزگىچە بىر پىسخىكا ئەكس ئەتكەن. چەت ئەللىكلەر ھوقۇقنى مەسئۇلىيەت دەپ چۈشەنسە، جۇڭگودا بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئۇنى ئىمتىياز دەپ چۈشىنىدۇ.

يەنە بىر قېتىم ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرى جۇڭگودىكى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتكە كەلگەندە، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرى ئامېرىكىلىق ئالىي مەكتەپ مۇدىرىدىن «مەكتىپىڭلار يىلدا قانچىلىك قوشۇمچە كىرىم قىلىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. چەت ئەللىك مۇدىر ئىنتايىن بىئارام بولغان ھالدا: «مەكتەپ دېگەن ئىلمىي ئورۇن، ئۇ پۇل تاپىدىغان ئورۇن ئەمەس» دەپ ھېلىقى مۇدىرنى تەڭقىسلىقتا قويىدۇ. ھېلىقى جۇڭگولۇق مۇدىرنىڭ سۆزىگە نۇرغۇن مەنە يوشۇرۇنغان. ئۇ «بىز تۈرلۈك يوللار بىلەن مەكتەپكە كىرىم قىلىمىز. ئەلۋەتتە مەندەك مۇدىرنىڭمۇ يانچۇقى بۇ نېسىۋىدىن كەم ئەمەس. سىز چەت ئەللىك مۇدىر بولغاندىكىن، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش شارائىتىڭىز باردۇ؟» دېمەكچى.

سوتسىيالىستىك شەرەپ ۋە نومۇس چاقىرىقىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دەل ئاشۇنداق ئادىمىي خىسلەتنى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە بېرىلگەن سىگنال. ئاچا يول ئېغىزىدا تۇرغانلار بۇ چاقىرىق ئارقىلىق ئۆزىگە دىياگنوز قويالايدۇ. كونىلاردا «ئادىمىيلىك بىلەن ھايۋانىيلىقنىڭ ئارىسى بىر قەدەم» دېگەن گەپ بار. ئەخلاق شۇنداق ئېسىل بايلىقكى، ئۇ ئارقىلىق باي بولالىشىڭىز ناتايىن. لېكىن بۇ بايلىقنىڭ كۈچى بىلەن شەرەپلىك ھالدا بىر ئۆمۈر ئادەم دېگەن ماركىدا ياشىيالايسىز. سىز ناۋادا بىر قۇرۇلۇشچى بولسىڭىز ھەر بىر پارچە خىشىڭىز مەسئۇلىيەت بىلەن قوپۇرۇلسۇن. سىزنى ھېچكىم ماختىمىسىمۇ مەيلى. يىقىلىپ چۈشكەن بىراۋنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويغان بولسىڭىز رەھمەت تەمە قىلىپ كەتمەڭ. چۈنكى سىز ئادىمىيلىك مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئادا قىلدىڭىز-ده! باشلىق بولسىڭىز ياكى كىچىككىنە بولسىمۇ ئەمەلنىڭ سېپى تەگكەن بولسا، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلسىڭىزلا بولدى. خۇشامەت ۋە «بولاق» تەلەپ قىلمىغىنىڭىزنىڭ ئۆزى سىزنىڭ ئىلغارلىقىڭىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ. قول ئاستىڭىزدىكىلەر ئالدىدا گەدىيىپ تۇرمىغىنىڭىزنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ ئادىمىيلىك ماركىسىدىن تېخى ئايرىلمىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

باشقۇرۇش، باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئەمەل مەۋجۇت بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەمەل ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئۈزۈلمەيدۇ. ھوقۇقنى ئادىل يۈرگۈزگەندە، ئاندىن خەلقنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ.

گەپنىڭ ئۇچىنى ھېلىقى مومايغا قايرىسام، بۇ توك باشقۇرغۇچى توخۇنى يېدىمۇ دەيلى، لېكىن دەككە- دۈككە ئىچىدە باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە يېگىنى ئېنىق. مەن پەقەت بىرلا ئىشتىن ئەنسىرەيمەن. يەنى شۇ جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۇ توخۇنىڭ بىرەر تال ئۇستىخىنىنى يۇتۇۋېلىپ، گېلىدا تۇرۇپ قېلىپ ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىقىپ قالسا كىمگە ئىگە بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا ھېلىقى توك سائىتى ئورنىتىلمايدۇ. موماي قاراڭغۇدا قالىدۇ. ناۋادا ئۇ مومايمۇ ئاشۇ قاراڭغۇچىلىقتا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا يېڭى دەۋرنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلالماي كېتىپ قالىدۇ. ئۇ ھالدا توكچىغا توك سائىتى ئورنىتىش ھوقۇقىنى بەرگەن يېڭى دەۋرگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش- ھە!

---

ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ئۇچۇر مەركىزىدە

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ھەببۇللا مۇھەممەت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، گۈلنار رۇستەم (تەكلىپلىك).



www.uyghurkitap.com

## قەلب چىراغلىرى

▲ئانا ئارزۇسى ئامانلىق، ئاتا ئارزۇسى ئادىللىق.

▲ئانىسىز ئائىلىدە ئاش، ئاتىسىز ئائىلىدە ئات بولماس.

▲يىلتىزى كۆپ دەرەخنىڭ نوتىسى، بىلىمى كۆپ ئادەمنىڭ نۇتقى ياخشى.

▲بالاڭنىڭ بوي - بەستىنى بويىڭدىن، ئەقىل - هوشىنى ئويىڭدىن بىل.

▲ياخشى پەزىلەتلىك ئادەم بىرى كۈن پاتقاندىن كېيىن، يەنە بىرى كۈن چىقماستىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى قاقماس.

▲قايسى مەخلۇقنىڭ باش - ئايىغىغا چۈن كۆپ ئولىشىۋالغان بولسا، شۇ مەخلۇقنىڭ رىزقى - نېسىۋىسىنىڭ تۈگەۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ئاتا - ئانىڭىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى بىلمەكچى بولساڭ ئۆز ئىسمىڭنىڭ مەنىسىنى سوراپ باق.

▲يات جىنسلىقلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىشى ئاشىقلىقنىڭ (مۇھەببەت) ئىپادىسىدۇر.

▲ئالدىراڭغۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى، سۆرەلمە ئادەمنىڭ بۆرىكى ئىتتىك كاردىن چىقىدۇ.

▲چەۋەنداز مىنگەن ئاتنى مىنمەن دېگەن ئادەم— بىر بولسا ئاتنى، بىر بولسا ئۆزىنى كاردىن چىقىرىدۇ.

▲ناتونۇشتىن يول سورىما، نامەردتىن پۇل.

## تەپەككۇر كۆزى

▲شەھەر ئادەمنىڭ كۆزىنى ئېچىپ جىگىرىنى يىگىلتەر، سەھرا ئادەمنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ يۈرىكىنى يىگىلتەر.

▲ئايالى هۇرۇن ئەرنىڭ بېشى، ئېرى هۇرۇن ئايالنىڭ قورسىقى تولا ئاغرىيدۇ.

▲بەڭگىنىڭ كىيىمى، دەڭچىنىڭ تېمى ساق تۇرماس.

▲باللىق خوتۇن كۈندۈزى، بالىسىز خوتۇن كېچىسى غەمكىن ياشار.

▲بىر بالىنى باقماق بىر توپ پادىنى باقماقتىن قىيىن.

▲رەپىقىسى يوق ئەر ئەر ئەمەس، رەقىبى يوق ئەر - ئەركەك.

▲لەقەمسىز يىگىت «يىگىت» ئەمەس، لەقەملىك قىز «قىز» ئەمەس.

▲هايۋاننىڭ قىلىقىنى قىلغان ئادەم ئەقىلسىز، ئادەمنىڭ قىلىقىنى قىلغان هايۋان ئەقىللىقتۇر.

▲ئانىسى پاكىزنىڭ قىلىقى تاتلىق، ئاتىسى پاكىزنىڭ تىلى.

▲گەپنىڭ يامىنى غەيۋەت - شىكايەت قىلىش، ئىشنىڭ يامىنى پىت - سىركە بېقىش.

▲بوۋاقنىڭ يىغلىشى ئاچلىقتىن، بوۋاينىڭ يىغلىشى خارلىقتىن.

▲ئاتا - ئانائىڭنىڭ پېشىنى سىلا، بالىۋاقاڭنىڭ بېشىنى سىلا.

▲بۇزۇقنىڭ كۇسىرى، بۇدۇشقاقنىڭ كوزىرى تولا.

▲ئوغلۇڭنى هېساب - كىتابچى، قىزىڭنى ئىنساب - دىيانەتچى قىلىپ تەربىيەلە.

▲ئىشنى چالا قىلىشقا كۆنۈك قىزنىڭ ئېشى كۆيۈك.

▲ بىراۋنىڭ قەسىمىگە ئەمەس قەدىمىگە ئىشەن.
▲ پۇتۇڭغا تىكەن كىرسە ئايىغىڭدىن كۆرمەي كۆزۈڭدىن كۆر.
▲ سېمىزنىڭ يۈرىكى، ئورۇقنىڭ ئۆپكىسى تېز سېسىيدۇ.
▲ ئىلگىرى ئازارلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ ئاش سۇنسا قوبۇل ئەتسەڭمۇ يېيىشكە ئالدىرىما، چۈنكى، ئۇ ئاشقا زەھەر ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، تۆكۈرۈك ئارىلاشقانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

— ئابدۇغېنى تۇغرۇلتېكىن

ئاپتور: ئۈرۈمچى «تۇغرۇلتېكىن» كىتابخانىسىدا.

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئادەمگە ئادىمىيلىك دەرىجىسىدە مۇئامىلە قىلىدىغانلار ھەقىقىي ئېسىل ئادەملەردۇر.
▲ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆلتۈرگەن ئوقۇتقۇچى — ئەڭ چوڭ جىنايەتچى.
▲ پۇل- مىلكىنىڭ ئازلىقىدىن مەيۈسلەنمەي، ھەمراھىڭنىڭ دىتسىزلىقىدىن مەيۈسلەن.
▲ ئەمەلدارنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭلۇقىنى ئەمەس، بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى چوڭ بىل.
▲ ئايالى تەرىپىدىن ئىناۋىتى تۆكۈلگەن ئەر بىر بولسا ئەڭ بىچارە ئەر، بىر بولسا ئەڭ ناچار ئەر.
▲ ياشاش نېسىپ بولغان بىر كۈن سىزگە بېرىلگەن ئەڭ كاتتا مۇكاپات.
▲ يالغۇز ئۆلتۈرۈپ ئېزىلىپ يىغلىغانلاردىن سوراپ باق، ئۇ چوقۇم ئەڭ قەدىرلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان.
▲ تىلەكنىڭ مۇرادقا يەتمىكى قىيىن، يەتسىمۇ مەنزىلى كىيىن.
▲ كۆڭلۈڭ ئاق بولسا يولۇڭغا چىراغ كەتمەس.
▲ ئېتىڭ ئۆلۈپ، ھارۋاڭ سۇنسىمۇ، سەن ماڭىدىغانغا يول ئىزدە.

— پاشاگۈل تۇرسۇن

ئاپتور: قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمساڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە.

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ ھايۋانلار تەبىئەت ئاتا قىلغان ئۆزۈقلۇقنى تالاپ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدۇ، ئادەملەر بولسا ئۆزلىرى ياساپ چىققان پۇل، ھوقۇقنى تالىشىپ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدۇ.
▲ چىراغ بەك ئېگىز ئېسىلىپ قالسا، يورۇقى تۆۋەنگە تولۇق چۈشمەيدۇ.
▲ ئەمەلدار سۆزلەپ چاۋاڭ كۈتەر، ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ سوئال (كۈتەر).

▲ ئايال كىشىنى بىر دۆلەت دېسەك، ئەخلاقى بىلەن كىيىم-كېچەكى ئۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى؛ قابىلىيىتى بىلەن ۋىجدانى ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئورنى.

— ئەمەتجان رېشىت تىكەن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2008- يىللىق 2- سىنىپ.

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ قۇياش نۇرى بەك كۈچلۈك بولسا كىشىنى بىئارام قىلىدۇ، بەك ئاجىز بولسا كىشىگە سوغۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر ۋە مۇھەببەتمۇ نورمال بولغىنى ياخشى.
▲ ھازىرقى بۇ كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت پوزىتسىيەسىمۇ كەسكىن بولۇشى كېرەك.
▲ بىز ھەمىشە بۇ دۇنيا ۋە كىشىلەر رەزىللىشىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قاقشىغان ۋاقىتتا، ئۆزىمىزنىڭمۇ بۇ رەزىللىكلەرگە قانچىلىك «تۆھپە» قوشۇۋاتقانلىقىمىزنى ئويلاپ قويايلى.
▲ باشقىلارنىڭ بارلىق دەرد - ھەسرەتلىرىنى ۋە كۆڭۈل سىرلىرىنى بىلىپ قېلىشىنىڭ ئۆزى بىر ئاۋارىچىلىقتۇر.
▲ توغرا، ۋاقىت ئاتقان ئوق، ئەمما تېخىمۇ توغرىسى شۇكى، ئاشۇ ئوقنى نىشانغا جايىدا ئېتىش.
▲ بۇرۇن مېنىڭ ئىشەنچلىك ھەم جانجىگەر دوستلىرىم بار دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. بىراق ئاشۇ دوستلىرىمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئەكسىچە ئېرىشىشۇدىم، مەن ئۇچۇن «جانجىگەر» ھېس قىلدىم.
▲ بىر قېتىملىق ئۇقۇشماسلىق ۋە زىددىيەتتىن كېيىن، ئۆزىڭىزدىمۇ قانچىلىك مەسئۇلىيەت بارلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟
▲ باشقىلارغا قانچە موھتاج بولۇپ ياشىغانسېرى تىل شۇنچە قىسىلىدۇ.

— گۈلزىبا مۇستاپا

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى 2008- يىللىق مۇزىكا مائارىپى سىنىپى ئوقۇغۇچىسى.

* * *

▲ تەمە خالتىسىنى ھېچكىم تىك تۇرۇپ يۇدەلمەيدۇ.
▲ ئۆزۈڭ قىلالمىساڭ قىلغان ئادەملەرنى ماختاشقا مەجبۇر بولىسەن.
▲ شەپە ئويقۇڭنى، ئىزدىنىش ئەقلىڭنى، ئويلىنىش تەپەككۇرىڭنى ئاچىدۇ.
▲ تولا يول تاللىساڭ، ماڭغان ئىزلىرىڭنى تاپالمايسەن.
▲ ھەرىكەت بەدەننى، تەپەككۇر ئەقلنى، جاسارەت روھنى چىنىقتۇرىدۇ.
▲ كاللا چىراغقا، ئىلىم - پەن نۇرغا، ئەقىل توكقا ئوخشايدۇ.
▲ مەسلىنى چۈشىنىدىغانلار كۆپەيسە، ئۇنىڭغا كۆڭۈل

بولىدىغانلار كۆپىيىدۇ.

▲ساختا ئىشىنىدىغان ئادەم، دەردىڭنى چۈشىنىدىغان ئادەمدۇر.

▲دەرد تۆككۈچە، تەر تۆك.

▲تاماقنىڭ لەززىتى چايناشتا، ئەقلىنىڭ لەززىتى ئويلاشتا.

▲نەپسى تاماغا يېقىن ئادەمنىڭ قولى بالاغا يېقىن.

▲يۈزۈم چوڭ بولسۇن دىسەڭ، كۆزۈڭ چوڭ بولسۇن.

▲«مىز» كۆپ يەردە، خاتالىققا ئىگە بولغىلى ئادەم چىقماي قالىدىكەن.

▲شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان ئىشنىڭ ھالاكىتى ئەڭ تىز، شۇنداقلا، باشقىلارغا ئېلىپ كەلگەن خەۋپ ـ خەتىرىمۇ ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ياردەمگە ئىشەن، ئەمما تايىنىۋالما.

▲رەھىم ـ شەپقەتنى قائىدە ـ پىرىنسىپنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بولمايدۇ.

▲ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىزدىنىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەممە ئادەمنى ئوپمۇ ئوخشاش كۆرسەڭ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىزدىنىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەن بولىسەن. ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقى نەزەرگە ئېلىنمىسا، قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

▲يامان يولغا كىرىپ قېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپى، جەمئىيەتكە ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئادەملەرمىكىن دەيمەن.

▲بىر ئەلنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكى بىكار تەلەپ نانقېپىلار.

▲پۇلۇڭنى ئارىيەت بېرىپ تۇرساڭمۇ، قىلىدىغان ئىشىڭنى ئارىيەت بىرىپ تۇرما.

▲تەقدىر ئادەمنىڭ زۇۋۇلىسىنى ئەجىر ـ مېھنەتتىن ئۈزىدۇ.

▲راست گەپ ــ گەپنىڭ مېغىزى.

▲ئوتلۇق يۈرەككە ساغلام ئەقىل بىلەن كۈچلۈك بىلەك دائىم كېرەك.

▲قەدىمىڭ پىتەلمىسىمۇ، نەزىرىڭ يەتسۇن.

▲قۇرۇق قازانغا چۈشكەن چۆمۈچ تورۇڭشىيدۇ، مەنپەئەتى يوق ئىشتىن ھەممە ئادەم غودۇڭشىيدۇ.

▲چىش بىلەن كالپۇكىڭنىڭ تىلىڭنى توساپ تۇرغانلىقى تىلىڭنى يىغىپ تۇر، دېگەنگە بېشارەت بولالايدۇ.

▲مەسلىنى قانچە بۇرۇن بايقاپ، تۈزىتىشكە كىرىشسەڭ، تارتىدىغان زىيىنىڭ شۇنچە كىچىك بولىدۇ.

▲«تەلەي ـ پېشانەم» دېيىشكە ئامراق ئادەملەرنىڭ ھەممە ئىشنى قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ.

▲گەپ ـ سۆزنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايدىغان ئادەملەر ھەممە گەپنى دەپ باققۇسى كېلىدۇ.

▲ھەممە نەرسىلەر تورلىشىۋاتىدۇ، ئەمما، ئۆيلەرنىڭ مورىسى تېخىچە تورلاشقىنى يوق. دېمەك، ھەركىمنىڭ مورىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ.

▲ئاچچىق كۈلكىنىڭ يىشى يۈرەكتە ئاقىدۇ.

▲كىتابنى كاللىغا، نانني قورساققا تىقىپ قويغاننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ناننى يىگۈچە قۇۋۋىتىنى، بىلىمنى ئۆگەنمىگۈچە ھېكمىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

▲بىلمىگەن ئادەمنىڭ مەسلىنى ھەل قىلمەن دىگىنى، گەپدانلىق قىلغىنى خالاس.

▲ياسىق ئادەملەرنىڭ ئىزىدىن سىسىق پۇراق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭغىنىڭ، سېسىقچىلىقتا ماڭغىنىڭدۇر.

▲ پەزىلەت قەلبنىڭ جۇلاسى.

▲ يىلان تىرە تاشلىسىمۇ ئۆز تەبىئىتنى تاشلىمايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قەلبىنى ماڭغان ئىزىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

▲ يالغان مال سىناقتىن، يالغانچى سوراقتىن قورقىدۇ.

▲ خاتالىق تۈزىتىشكە، تۈزىتىش كۆزىتىشكە موھتاج.

▲ خاتانى توغرا قىلىپ بەرگەن رەڭ، ئاخىرى سىنىڭ يۈزۈڭنى قارا قىلىپ بوياپ چىقىدۇ.

▲ ئەخلاق جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى چىرىغى.

▲ يالغان گەپ سوراق يەتمىسە ئەپلىشىدۇ، سوراق يەتسە، بوغۇزۇڭغا كەپلىشىدۇ.

▲ مېھرى ـ مۇھەببەت، ئىشەنچ ـ ساداقەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يەرگە شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

▲ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، ئەمەلىيەتتە ئەقىل ئىسراپچىلىقىدۇر.

▲ساختا نەرسە ھالقىلىق پەيتتە چانغاندەك، يالغان دوستلۇقمۇ ھالقىلىق پەيتتە چانىدۇ.

▲ كەمچىلىكىڭنى سۆزلەتمىگەنلىكىڭ ئۇششۇقلۇقۇڭ.

▲جىسمانى كېسەللىكنىڭ ئاغرىقىنى بىر ئادەم (بىمار)، مەنىۋى كېسەللىك (ئىللەت) نىڭ ئاغرىقىنى ئائىلە ۋە جەمئىيەت تارتىدۇ.

▲تەلەي ــ نامەلۇم بەخت.

▲يامانلىق كۆپ يەردە زاۋاللىق كۆپ بولىدۇ،

▲تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان ئادەم، خەق كۆرگەندە تىلىدىكىنى، خەق كۆرمىگەندە دىلىدىكىنى قىلىدۇ.

▲نېمە دېيىشنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزۈنىغىچە سۆزلەپ كېتىدۇ.

ــ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قورالىق بۆلۈمىدىن.

## ئاچچىق تىنىقلار

▲زىيادە تەكىتلەنگەن ئىنتىزام ئوقۇغۇچىلارنى جۈرئەتسىز قىلىپ قويىدۇ.

▲كەلگۈسىڭگە سىغىنساڭ ئۆتمۈشۈڭنى چەتكە قاقما.

▲ھاياتنىڭ چىرىغى غەپلەتتە ئۆچەر.

▲گېپى تۈز كىشىدىن ھەممە ھېيىقىدۇ، غىلجىڭ كىشىدىن ھەممە زېرىكىدۇ.

▲ئويلىغىنىڭنى سۆزلەپ بېقىشقا جۈرئەت قىلساڭ، ئۇنى قىلىشقا رىغبەت تاپىسەن.

▲ئاجىزغا يۆلەك بولساڭ باتۇرغا ئايلىنىدۇ.

▲كىشىنى ئويلاندۇرالمىغان ھېكمەت ــ ئۇيقۇغا زورلايدىغان ساماۋى چۆچەكتەك ئادەمنى غەپلەتكە باشلايدۇ.

▲ تىرىشچان ئوقۇغۇچى بىلگىنىنى ئۆگىنىدۇ، ئەقىللىق ئوقۇغۇچى بىلمىگىنىنى (ئۆگىنىدۇ).

▲ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن قويۇلغان ھاراق ئىززىتىڭنى چۈشۈرىدۇ.

▲مەي ــ كېلىشىدىن كىرىپ، تىلىڭدىن چىقىدۇ.

▲غوجىسى تۆكۆرسە ئىتى تالايدۇ، غوجىسى سىلىسا ئىتى يالايدۇ.

▲كىم قىممىتىنى نېمىدىن ئىزدىسە، ئۇنىڭ قىممىتى شۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

▲دەردمەنىنىڭ دوستى بولغىچە، كەتمەنىنىڭ دوستى بول.

▲ئىش باشلاشتا قەدىمىڭ كىچىك بولسا، ھەربىر قەدەمنى پۇختا باسالايسەن. ئەگەر، تۇنجى قەدىمىڭنى بەك چوڭ ئېلىۋەتسەڭ، جەزمەنكى ئۆزۈڭنى دەڭسىيەلمەي يىقىلىپ چۈشسەن.

▲دۈشمىنىڭ سېنىڭ ئەڭ سادىق دوستۇڭكى، تىركەشسەڭ ـ نىشانىڭنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ،چۈشكۈنلەشسەڭ پېشانەڭنى (تەقدىرىڭنى) كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

▲مۇھەببەت شېرىن، شېرىنلىكى ئۇنىڭ پاكلىقىدا، مۇھەببەت لەززەتلىك، لەززىتى ئۇنىڭ ساپلىقىدا.

▲زۇلۇمغا تاشلانغان قەدەم، زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ئۈچۈپ باقمىغان قۇش ئۇزۇق ئىزدەپ يەرنى تاتىلار.

▲ئىزدىنىشتىن توختىغان ھايات ئېقىشتىن توختىغان ئېقىندەك تېزلا قۇرۇپ، ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىدۇ.

▲ئىگىسى گۇمانخور بولسا، ئىتمۇ كۆرگەنلا ئادەمگە قاۋايدۇ.

▲دەرەخنىڭ سايىسى ھامان قۇياشنىڭ قارشىسىدا بولىدۇ.

▲قۇياش ئۆزىگە يۈزلەنگەنلەرنى سۆيىدۇ.

▲سۆز تىلغا مېھمان، مېھماننى ئەدەپ ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇزات.

▲ئىشچان ئاشنىڭ قەدرىنى قىلىدۇ، تىرىشچان بىلىمنىڭ.

▲بىلىم ئۆگەن، لېكىن، بىلىم ئۆگىنىشتىن بۇرۇن شۇ بىلىمنى نەگە ئىشلىتىشنى ئۆگەن.

▲جاھان سېنىڭ مۈلكۈڭگە ئايلانغاندا، سەن جاھاننىڭ قۇلىغا ئايلىنىسەن.

▲سېنى خار قىلىدىغىنى قورسىقىڭنىڭ ئاچلىقى ئەمەس، بەلكى كۆزۈڭنىڭ ئاچلىقىدۇر.

▲پەزىلەتلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قولىدىن ھىممەتلىك، ئىپپەتلىك ئوغۇل، قىزلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲سەن ئىشچان بولساڭ بالاڭ تىرىشچان. سەن يالقاۋ (ھۇرۇن) بولساڭ، بالاڭ ئاڭقاۋ (پەمسىز) بولىدۇ.

▲باغنى چاتقال قاپلىسا، مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ ياۋۇلىشىپ كېتىدۇ.

▲ھايۋان يالاپ يۇندىغا ئېرىشەر، ئادەم يالاپ نېمىگە (ئېرىشەر)؟

▲ئاشكارا ماختاش ــ يوشۇرۇن ھاقارەت.

▲يوچۇقى يوق تامدىن شامال ئۆتمەيدۇ، ئەيىبى ئاز كىشى ماختاش كۈتمەيدۇ.

▲بىكارغا ماختىماس قاغنى تۈلكە، قورسىقى ئاچمىسا نە ھاجەت كۈلكە.

▲سېنى ماختىغان كىشىگە قالقان بولغۇچە، ئۆزۈڭ ماختايدىغان كىشىگە تالقان بول.

▲سېنى ماختاپ دالدىڭغا ئۆتسە، ئۆزىنى ماختاپ ئالدىغا ئۆت.

▲ئوقۇغۇچىڭنىڭ سېنىڭ تومۇرۇڭنى تۇتۇشقا ئۆرۈنۈشى ساڭا بولغان قىزىقىشنىڭ باشلىنىشى، سەن بۇ قىزىقىشنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرالىساڭ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيسەن.

▲ئۆزلۈك ھەققىدە ئويلانغان ۋاقتىڭدا ئۆزگە ھەققىدىمۇ ئويلىنىشىڭ كېرەك، شۇندىلا ئۆزلۈكىڭنىڭ ئۆزگىدىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى ھەم مەۋجۇت بولۇش شەرتى ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولالايسەن.

▲باشقىلارنىڭ ساڭا زىيادە ئېتىبار بېرىشى بىر بولسا سېنىڭ بەك قۇدرەت تېپىپ كەتكەنلىكىڭدىن بولسا، بىر بولسا سېنىڭ ئاجىزلاپ يوقلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲چېچەكنىڭ رەڭگى مېۋىنىڭ تەمىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

▲قىممىتىنى ھىممىتىدىن ياراتقان كىشى ئەڭ بەختلىك كىشى.

▲قۇش ئېگىزلىگەنسېرى سايىسى كىچىكلەيدۇ، پەس ئۇچقانسېرى سايىسى يوغىنايدۇ.

▲قارا يۈزگە داغ چۈشمەيدۇ.

▲سۆزنىڭ تەمى تىلدا، تىلنىڭ تەمى دىلدا.

▲« تەپەككۇر مېۋىلىرى » دىكى ئاچچىق ـ چۈچۈك غورىلار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە توڭدەك كۆرۈنۈپ دىققىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىيالمىغىنى بىلەن شۇ مېۋىلەرنىڭ تەمىگە ئېغىز تەگكۈچىلەرنى تەپەككۇر جەھەتتىن لەززەتكە باشلاپ، بىر قىسىم«كاتتا» ئەسەرلەر تولدۇرالمىغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ، ئويغىتالمىغان ھېسلارنى ئويغىتىپ، يېڭىچە ئىلھاملار قويىنىغا تارتماقتا.

▲ئۆز تەپەككۇرۇڭ ئارقىلىق ئۆزۈڭنى نامايان قىلساڭ، باشقىلارنىڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۆزۈڭ بىلەن سىردىشىپ تۇرىسەن.

▲كاتتا ئەسەرلەر ئىجتىمائىي سورۇنلاردا قوللاردىن چۈشمىگەن بىلەن «تەپەككۇر مېۋىلىرى» دەرسخانا مۇنبەرلىرىدە، زاۋۇت ـ كارخانىلاردا، ھەتتا ئېتىز باشلىرىدىمۇ قوللاردىن ـ قوللارغا ئۆتۈپ سۆيۈپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولماقتا.

— ھەسەنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغاچى يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى.

www.uyghurkitap.com

# مۇقىم بايراملار ۋە خاتىرىلەش كۈنلىرى

1- ئاينىڭ 1- كۈنى يېڭى يىل بايرىمى.

دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1- ئاينىڭ 1- كۈنى چاغان بولىدۇ، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ھەر يىلى 14 كۈن ياكى 15 كۈن ئەتراپىدا بۇرۇن كېلىدۇ.

2- ئاينىڭ 2- كۈنى دۇنيا بىنەم كۈنى (سۇلۇق يەر كۈنى).

2- ئاينىڭ 14- كۈنى ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمى (غەرب).

2- ئاينىڭ 20- كۈنى دۇنيا ئىجتىمائىي ئادىللىق كۈنى.

2- ئاينىڭ 21- كۈنى دۇنيا ئانا تىل كۈنى.

3- ئاينىڭ 3- كۈنى جۇڭگو قۇلاق ئاسراش كۈنى.

3- ئاينىڭ 8- كۈنى خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى.

3- ئاينىڭ12- كۈنى جۇڭگو كۆچەت تىكىش بايرىمى.

3- ئاينىڭ 15- كۈنى خەلقئارا ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئەتىنى قوغداش كۈنى.

3- ئاينىڭ 21- كۈنى خەلقئارا ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كۈنى.

3- ئاينىڭ 21- كۈنى خەلقئارا نورۇز بايرىمى.

3- ئاينىڭ 21- كۈنى دۇنيا ئورمان بايرىمى.

3- ئاينىڭ 21- كۈنى دۇنيا ئۇيقۇ كۈنى.

3- ئاينىڭ 22- كۈنى دۇنيا سۇ كۈنى.

3- ئاينىڭ 23- كۈنى دۇنيا مېتېئورولوگىيە كۈنى.

3- ئاينىڭ24- كۈنى دۇنيا تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش كۈنى.

3- ئاينىڭ 25- كۈنى قۇللۇق تۈزۈم ۋە ئاتلانتىك ئوكياندىن ھالقىغان قۇل ئەتكەسچىلىكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار خەلقئارا كۈنى.

4- ئاينىڭ1- كۈنى ئادەم ئالداش بايرىمى(غەرب).

4- ئاينىڭ 2- كۈنى دۇنيا ئۆزىنى كەمسىتىش كېسىلى كۈنى.

4- ئاينىڭ 5- كۈنى چوكانتال بايرىمى.

4- ئاينىڭ 7- كۈنى دۇنيا سەھىيە كۈنى.

4- ئاينىڭ 17- كۈنى دۇنيا قاناشقا مايىللىق كېسىلى كۈنى.

4- ئاينىڭ 22- كۈنى دۇنيا يەرشارى كۈنى.

4- ئاينىڭ 23- كۈنى دۇنيا كىتاب ئوقۇش ۋە نەشر ھوقۇقى كۈنى.

4- ئاينىڭ 26- كۈنى دۇنيا بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقى كۈنى.

5- ئاينىڭ 1- كۈنى خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى.

5- ئاينىڭ 4- كۈنى جۇڭگو ياشلار بايرىمى.

5- ئاينىڭ 8- كۈنى دۇنيا قىزىل كرېست كۈنى.

5- ئاينىڭ12- كۈنى خەلقئارا سېستىرالار بايرىمى.

5- ئاينىڭ 13- كۈنى جۇڭگو شەھەر، بازارلاردا سۇ تېجەش ھەپتىلىكى.

5- ئاينىڭ ئىككىنچى يەكشەنبە كۈنى ئانىلار بايرىمى (غەرب).

5- ئاينىڭ 15- كۈنى خەلقئارا ئائىلە بايرىمى.

5- ئاينىڭ 15- كۈنى خەلقئارا سۈت كۈنى.

5- ئاينىڭ 16- كۈنى جۇڭگو مېيىپلەر كۈنى.

5- ئاينىڭ 17- كۈنى دۇنيا تېلېگراف كۈنى.

5- ئاينىڭ 18- كۈنى خەلقئارا مۇزېي كۈنى.

5- ئاينىڭ 22- كۈنى خەلقئارا جانلىقلار كۆپ خىللىشىش كۈنى.

5- ئاينىڭ 29- كۈنى خەلقئارا تىنچلىقنى ساقلاش خادىملىرى كۈنى.

5- ئاينىڭ 31- كۈنى دۇنيا تاماكا تاشلاش كۈنى.

دېھقانلار كالېندارى بويىچە 5- ئاينىڭ 5- كۈنى تاڭزۇڭزا بايرىمى.

6- ئاينىڭ 1- كۈنى خەلقئارا بالىلار بايرىمى.

6- ئاينىڭ4- كۈنى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىگۇناھ بالىلارنى قۇتقۇزۇش خەلقئارا كۈنى.

6- ئاينىڭ 5- كۈنى دۇنيا مۇھىت كۈنى.

6- ئاينىڭ 6- كۈنى دۇنيا كۆز ئاسراش كۈنى.

6- ئاينىڭ 8- كۈنى دۇنيا دېڭىز- ئوكيان كۈنى.

6- ئاينىڭ 12- كۈنى جۇڭگو مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى.

6- ئاينىڭ 14- كۈنى دۇنيا قان تەقدىم قىلغۇچىلار كۈنى.

6- ئاينىڭ 15- كۈنى دۇنيا شامال ئېنېرگىيەسى كۈنى.

6- ئاينىڭ17- كۈنى تۇپراقنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى ۋە قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش دۇنيا كۈنى.

6- ئاينىڭ 20- كۈنى دۇنيا مۇساپىرلار كۈنى.

6- ئاينىڭ ئۈچىنچى يەكشەنبە كۈنى ئاتىلار بايرىمى (غەرب).

6- ئاينىڭ 23- كۈنى خەلقئارا ئولىمپىك كۈنى.

6- ئاينىڭ25- كۈنى جۇڭگو مەملىكەتلىك يەر كۈنى.

6- ئاينىڭ 26- كۈنى خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنى.

7- ئاينىڭ 1- كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش كۈنى.

7- ئاينىڭ 4- كۈنى خەلقئارا ھەمكارلىق كۈنى.

7- ئاينىڭ 11- كۈنى دۇنيا نوپۇس كۈنى.

7- ئاينىڭ11- كۈنى جۇڭگو دېڭىزچىلار بايرىمى.

7- ئاينىڭ 14- كۈنى دۇنيا تېتىتقۇ ۋە مەززىلىك تائاملار بايرىمى.

7- ئاينىڭ 18- كۈنى ماندېلا خەلقئارا كۈنى.

## بىلىم باغچىسى

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دۇنيا ئاي شارى كۈنى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقى بايرىمى.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جۇڭگو ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دۇنيا يەرلىك خەلقلەرنىڭ خەلقئارا كۈنى (بايرىمى).

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەلقئارا ياشلار كۈنى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك كۈنى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يادرو قورالى سىنىقىنى چەكلەش خەلقئارا كۈنى.

دېھقانلار كالېندارى بويىچە 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاۋۇز چاغىنى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى ئوقۇش يىلى كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلقئارا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۇنيا تازىلىق كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئوزون قاتلىمىنى قوغداش كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خەلقئارا تىنچلىق كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو ئىستاتىستىكىسىنى ئېچىۋېتىش كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو چىش ئاسراش كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دۇنيا ياشانغانلار دېۋەڭلىك كېسەلى كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ ئۈچىنچى شەنبە كۈنى جۇڭگو ئومۇمىي خەلق دۆلەت مۇداپىئە كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلقئارا گاس ـ گاچىلار بايرىمى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۇنيا يۈرەك كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۇنيا ساياھەت كۈنى.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خەلقئارا تەرجىمانلار كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو دۆلەت بايرىمى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلقئارا تۇرالغۇ ئۆي كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلقئارا تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دۇنيا ھايۋانات كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەلقئارا تەبىئىي ئاپەتنى ئازايتىش كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خەلقئارا ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى دۇنيا نامراتلارغا ياردەم بولۇش كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دۇنيا پوچتا كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دۇنيا پىسخولوگىيە ساغلاملىق كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دۇنيا ئاغرىق توختىتىش كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۇنيا ئۆلچەم كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خەلقئارا ئاپەتنى ئازايتىش كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلقئارا ئەمالار بايرىمى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۇنيا ئاشلىق كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جۇڭگو ياشانغانلار بايرىمى.

10 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى چارشەنبە كۈنى خەلقئارا ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى نامراتلىقنى تۈگىتىش خەلقئارا كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دۇنيا ئىستاتىستىكا كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دۇنيا ئۇچۇر تەرەققىيات كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو ئېگىزگە چىقىش بايرىمى.

10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو ئەرلەر ساغلاملىق كۈنى.

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى دۇنيا تېجەشچانلىق ـ ئىقتىسادچىللىق كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جۇڭگو ئاخباراتچىلار بايرىمى.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جۇڭگو ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دۇنيا ياشلار كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۇنيا ئۆپكە ياللۇغى كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۇنيا دىيابىت كېسەلى كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلقئارا كەڭ قورساق بولۇش كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۇنيا ئوقۇغۇچىلار بايرىمى.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلقئارا بالىلار كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئافرىقا سانائەتلىشىش كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دۇنيا تېلېۋىزور كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاياللارغا زورلۇق قىلىش قىلمىشىنى تۈگىتىش خەلقئارا كۈنى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پەلەستىن خەلقىگە مەدەت بېرىش خەلقئارا كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۇنيا ئەيدىز كېسەلى كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش خەلقئارا كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۇڭگو قاتناش بىخەتەرلىك تەشۋىقاتى كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلقئارا مېيىپلەر كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جۇڭگو قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار خەلقئارا كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلقئارا ئاۋىياتسىيە كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلقئارا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلقئارا بالىلار رادىيو ـ تېلېۋىزىيە كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلقئارا يۆتكىلىپ ئولتۇراقلاشقانلار كۈنى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى روژدېستۋا بايرىمى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى (بىيولوگىيەلىك) جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىشىش خەلقئارا كۈنى.

ــزۇنۇن باقى تەييارلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# جەنۇبىي جۇڭگودا يىلتىز تارتقان ئۇيغۇرلار

ھىدايەت يانتاق

تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى جەنۇبىي جۇڭگونىڭ خۇنەن، يۈننەن، گۈيجۇ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭ ۋە شىمالىي جۇڭگونىڭ خېنەن قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بار. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭدې شەھىرى، تاۋيۈەن ناھىيەسى ۋە تاۋيۈەننىڭ فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسى، چىڭلىن خۇيزۇ-ئۇيغۇر يېزىسى قاتارلىق جايلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، نوپۇسى(خۇنەندىكىلەرنىڭ) 10مىڭدىن ئاشىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالماقتا. ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەرگە قانداق بېرىپ قالغانلىقى، ياقا يۇرتلاردىكى تارىخىي قىسمەتلىرى، مەدەنىيىتىنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەممىمىز بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى، چۈنكى ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتتە تارىخىمىزنىڭ بىر قىسمى ۋە يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن ئەڭ يېقىن ئارىلىقتىن ئۇچرىشىش، ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش ۋە ماسلىشىش تارىخى بولۇپ، مەدەنىيەتلەر بىر-بىرىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزنى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كېرەكلىك نۇرغۇن ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن 2010-يىللىق قىشلىق تەتىلنى مانا مۇشۇ بىر مەھەل ئۇنتۇلۇپ قالغان، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن سېرىق رەڭنى ئۇلۇغلايدىغان گەنسۇدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار (ھازىر يۇغۇرلار دېيىلىدۇ) دىن پەرقلەندۈرمەيلا بەزىلىرىمىز تەرىپىدىن «سېرىق ئۇيغۇرلار»دەپ قارىلىۋاتقان بۇ «تۇغقانلار» بىلەن ئۆتكۈزدۈم ۋە ئۇلارنىڭ سېغىنىشلىق سالىمىنى ئالغاچ كەلدىم.

※ ※ ※

ئەڭ دەسلەپتە چېن زۇنۋاڭ، جيەن ۋېن يازغان، ئابلەت نۇردۇن، جۇمەخۇن تەرجىمە قىلغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتاب ئارقىلىق يۈزەكى خەۋەردار بولۇپ ھەر خىل تەسەۋۋۇر قىلغان بۇ ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ئۈرۈمچى-ۋۇخەن-چاڭدې-تاۋيۈەن لىنىيەسى ئارقىلىق پويىز، ئاپتوبۇسلار بىلەن 2010-يىلى 13-فېۋرال يەنى چاغاننىڭ ھارپا ئاخشىمى يېتىپ كەلدىم. بۇ كۈن خەنزۇ دېھقانلار كالېندارى بويىچە كونا يىلنىڭ 30-كۈنى بولغاچقا، يولدا كەلگىچە كۆرگىنىم ئۆزگىچە بىر بايرام كەيپىياتى بولدى. ھەممە يەردە قىپقىزىل پانۇسلار ئېسىلغان، يېزىلاردا ئۆي ئەتراپىدىكى ئېتىز قىرلارغا ۋە يول بويلىرىغا قاتۇرۇلغان قەبرىلەر بېشىدا ئېتىلغان پوجاڭزىلار، يېقىلغان نۆكچا، شاملاردىن بۇ بايرامنىڭ نەقەدەر داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ماشىنا، ئاپتوبۇسلاردا كىشىلەر ئۆيلىرىگە ئالدىرايتتى، ھەممىسى يېڭى يىل(چاغان) ئۈچۈن تەييارلانغان تائاملارنى يېگەچ تۇغقانلىرى بىلەن تېزرەك دىدارلاشماقچى بولاتتى.

چاڭدې شەھىرىگە قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلگەچكە، تاۋيۈەن ناھىيەسىگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلار ئاللىقاچان توختاپ كەتكەن بولۇپ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغان ئىدىم(ھارپا ئاخشىمى شەھەردە ياتاق تېپىشمۇ بىر ئاز تەس ئىدى). بۇ چاغدا يولدا كەلگىچە تونۇشۇپ قالغان بىر خەنزۇ سەپەرداشنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئۆيىدە «يېڭى يىل

## «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»

تائامى»راسلاپ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئالدىغا ئالغىلى چىققان ماشىنا بىلەن ئاۋۋال مېنى بارماقچى بولغان فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسىغا يېقىن يەردىكى چىخى بازىرىغا ئالغاچ كېتىپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى قەلبىمنى ھاياجانغا سالدى. بۇ يەردىكىلەر كونا يىلنى ياخشى كەيپىيات بىلەن ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى يېڭىچە قىياپەت بىلەن كۈتۈۋېلىشنى ئىستىگەچكە، ھارپا ئاخشىمى ئۇز ئارا ۋە باشقىلارغا ئالاھىدە مېھرىبانلىق كۆرسىتىدىكەن.

ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، شۇنچە كەچ بولغان بولسىمۇ، چىراغنى ئۆچۈرمەي يېڭى يىلنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ياتاق خوجايىنى بىلەن پاراڭلاشتىم. بۇ ياتاقنى ئاچقانلار تاۋيۈەن ناھىيەسى فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسىدىن كۆچۈپ چىققان بىر خۇيزۇ ئائىللىك بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ھەر خىل تائاملارنى راسلاپ ياتاقنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى زالغا تىزىپ قويۇپ يېڭى يىلنىڭ كىرىشىنى كۈتۈشى مېنى ئەجەبلەندۈردى، چۈنكى مېنىڭ بىلىشىمدە خۇيزۇلار مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلار چاغان ئۆتكۈزمەيتتى. لېكىن پاراڭلىشىشىمدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ يەردىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ بايرامنى ئوخشاشلا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ يەردە يەنە مىللەتلەر ئارا نىكاھ ئومۇملاشقان بولۇپ، بىر ئائىلىدە ئوخشىمىغان مىللەت ئەزالىرىنى تاپقىلى بولىدىكەن. ياتاق ئاچقان خۇيزۇ موماي (ئانىسى ئۇيغۇركەن) نىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئاياللىرى خەنزۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇلار ئەتراپتىكى چوڭ مۇھىتقا ماسلىشىپ بۇ بايرامنى «پەسىل بايرىمى» دەپ قارىغاچقا ئۆرپ-ئادەت شەكلىدە ئاللىقاچان قوبۇل قىلغانىكەن.

چاغان ھارپا كۈنى رەسمىي باشلىنىدىغان بولۇپ، خەنزۇلار بىلەن بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىدا مەلۇم پەرقلەر باركەن. خەنزۇلار ئادەتتە ھارپا كۈنى ئەجدادلىرىنى ئەسلەش يۈزىسىدىن قەبرە بېشىغا چىقىپ پوجاڭزا ئېتىش، قەبرىدە چىراغ يېقىش، قەغەز پۇل كۆيدۈرۈش، ئۆيدە ياخشى يېمەكلىكلەرنى راسلاپ ئائىلە ئەزالىرى يىغىلىپ غىزالىنىش ۋە تائاملارنى ۋاپات بولغان ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ ئاتاش(يېڭى يىل تائامى تەييارلىغاندا ئەگەر شۇ ئائىلىدە بىر يىل ئىچىدە ۋاپات بولغان تۇغقانلىرى بولسا، ئۇلارغىمۇ غىزا تەييارلاپ چوكا سېلىپ قويىدۇ)، ھارپا ئاخشىمىدىن تاكى ئەتىسى تاڭ ئاتقىچە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە تۈنەپ چىقىش (يېزىلاردا تۈنەيدىغانلار كۆپرەك، شەھەرلەردە ئازراق، ياشقا چوڭلاردا جىقراق، ياشلاردا ئازراق بولىدىكەن، تۈنەشتىكى

ئاساسىي مەقسەت: يېڭى يىلنىڭ بېشىدا ئۇخلاپ يامان چۈش كۆرۈپ قالساق يېڭى بىر يىلىمىز خەيرلىك بولماي قالمىسۇن دېگەن قاراش باركەن)، يېڭى يىلنىڭ 1-كۈنى ئۆيدىن چىقماسلىق، 2-كۈندىن باشلاپ ئاتا-ئانا ۋە چوڭلارنى، 3-كۈندىن باشلاپ تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەرنى يوقلايدىغان ئادەتلەر بويىچە داۋاملىشىپ چاغاننىڭ 15-كۈندىكى پانۇس بايرىمى بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن.

خۇيدىن ئۇيغۇر، خۇيزۇلىرى بولسا بايرامنى ئۆزگىچە تەبرىكلەيدىكەن. «يېڭى يىل تائامى» مۇسۇلمانچە بولۇپ، خەنزۇلاردىن پەرقلىق ھالدا كالا گۆشىدىن تەييارلىنىدىكەن. ھارپا كۈنى قەبرىدە پوجاڭزا ئاتمايدىكەن، يېڭى يىل كېچىسى كۆپ قىسمى تۈنىمەيدىكەن، قالغان چاغان ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى خەنزۇلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى ئاساسەن خەنزۇلاردىن پەرقلەنمەيدىكەن. كېلىشىمگىلا يولۇققان بۇنداق ئارىلاشما مەدەنىيەت ھادىسىسى مېنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى.




چاغاننى تىرىكچىلىك تۈپەيلى چېچىلىپ ھەر قاياقلارغا كەتكەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ جەم بولىدىغان، بىر-بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ۋە پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىنى يوقلايدىغان پۇرسەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بايرامنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئائىلە مېھرىنى باغلاپ تۇرۇشتا ئوينايدىغان رولى ھەقىقەتەن زور. ئىچكىرىدە باشقا رايونلارغا بېرىپ ئىشلەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن يىراقلارغا كەتكەن ئائىلە ئەزالىرى قايتىپ كېلىپ تۇرغاچقىلا ئائىلە، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى نىسبەتەن نورمال ساقلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. (كۆپ قىسىم ئەر- ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى ۋە يىللاپ ئائىلىسىگە قايتماسلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىمۇ ئاز ئەمەس ئەلۋەتتە!)

بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن تېزرەك دىدارلىششقا بولغان تەقەززالىق مېنى ئالدىراتقاچقا، چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى قاق سەھەردىلا چىخى بازىرىدىن ئاپتوبۇس بىلەن فېڭشۇ ئۇيغۇر- خۇيزۇ يېزىسىغا قاراپ ماڭدىم ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يېزىغا كېلىپ، ئۆيلىرى ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە سېلىنغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن تونۇش سىمالارنى، ئەتراپتىكى باشقا مەھەللىلەر بىلەن پەرقلىق بەلگىلەرنى ئىزدىدىم. لېكىن بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن بىر ئۇيغۇر بوۋاي ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان بىر نەچچە ۋىۋىسكىدىن باشقا ئۇيغۇرلارغا خاس تاشقى بەلگىلەرنى

تاپالمىدىم. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا پانۇسلار ئېسىلغان، «بايلىق ۋە بەخت ئىلاھى» نى تەكلىپ قىلىدىغان قەغەزلەر (چاغاندا ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە چاپلاپ قويىدىغان، بايلىق، بەخت تىلەيدىغان خەتلەر يېزىلىدىغان قەغەزلەر) چاپلانغان بولۇپ، ئەتراپتىكى باشقا يېزىلاردىن پەرقلەنمەيتتى. ئاخىرى سوراپ يۈرۈپ فېڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسى خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر كەنتىدىكى مۇسۇلمانچە رېستوران ۋە ياتاق ئاچقان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلىشىپ بۇلارنى ئاستا ـ ئاستا كۆزىتىشكە ۋە تارىخىنى ئەسلەشكە باشلىدىم:

## ئۇيغۇرلارنىڭ خۇنەنگە ماكانلىشىش تارىخى

«خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1211 ـ يىلى قوچۇ خانلىقى (بەزى مەنبەلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەپمۇ ئېلىنغان)نىڭ خانى(ئىدىقۇتى) بارچۇق ئارتتېكىن بىلەن تۇتۇقى(باش ھەربىي ئەمەلدار) خەلىل غەربىي قىتانلارنىڭ قوچۇدىكى نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ (بۇ مەزگىلدە قوچۇ خانلىقى قىتانلارغا بېقىندى ئىدى)، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تېمۇچىن(چىڭگىزخان)غا بەيئەت قىلدۇ. تېمۇچىن بىر قىزىنى قوچۇ خانلىقىنىڭ خانىغا ياتلىق قىلدۇ ۋە قوچۇ خانىنى 5 ـ ئوغلۇم دەپ ئاتايدۇ. خەلىل ئۇرۇشتا باتۇر بولغاچقا، تېمۇچىن ئۇنى ھۇجۇمچى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ قول ئاستىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى قىلدۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئەمەلدار بولۇپ كېلىدۇ. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە يۈەن سۇلالىسى يوقىلىپ مىڭ سۇلالىسى باش كۆتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇيۈەنجاڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق تىزگىنلەش» سىياسىتىنى قوللىنىپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلارنى سىقىپ چىقىرىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر قىسىم مۇلكىي ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويىدۇ. خەلىلنىڭ ئەۋلادى بولغان باشنى پايتەخت يەنجىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)نىڭ باشبۇغى(ھەربىي قوماندان)، زېمىن كېڭەيتىش قورشاۋلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇ باشنىڭ ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاپ ئۇنىڭغا «تىنچىتقۇچى، يوقاتقۇچى» دېگەن مەنىدىكى «جيەن» (剪) (كېيىنچە 翦گە ئۆزگەرگەن)دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلدۇ ۋە ئاسراندى قىزى مەلىكە تۇيىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدۇ.

جۇيۈەنجاڭ بىر تەرەپتىن باشنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يۈز ئۆرۈپ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى مەقسەتلىك ھالدا جەنۇبىي جۇڭگو(چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار: خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، يۈننەن، گۈيجۇ... قاتارلىق جايلار)غا يۆتكەيدۇ. 1373 ـ يىلى جۇيۈەنجاڭ باشقا جىڭشياڭ ۋىلايىتى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى، جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ۋەلىئەھدىنىڭ مۇشاۋۇرى قاتارلىق مەرتىۋىلەرنى بېرىپ خۇگۇاڭ، چىنجۇ (يەر ناملىرى) تەرەپلەرنى ساقلاشقا قويىدۇ. 1388 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باشى ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ ۋە يارلىققا بىنائەن ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭدې شەھىرى شەرقىي دەرۋازا تېشىدىكى خۇاڭلۇڭگاڭغا دەپنە قىلىنىدۇ.

جيەن باشنىڭ ئوغلى جيەن بەيجۇ ئاتىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ جىڭشياڭ ۋىلايىتىگە تۇتۇق بولىدۇ. 1389 ـ يىلى يارلىققا بىنائەن يۈننەن، گۈيجۇلارغا يۈرۈش قىلىپ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، ۋەلىئەھدى مەرۇپ بېگى ۋە كېڭەش بېگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئورنىغا (خەندەككە) چۈشۈپ كېتىپ قازا قىلىدۇ ۋە ئاتىسىنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

جيەن بەيجۇ ئۆلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى، ئۆزىنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادىغا چاڭدېنىڭ باقاۋۇللۇقىغا(باش ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار) ۋارىسلىق قىلىپ جيەن تۇغلۇق قوشۇنىغا داۋاملىق قوماندانلىق قىلىپ چاڭدې، چىنجۇ، تاۋيۈەن(جاي ناملىرى) ئەتراپىدا يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغاي، ۋۇلىڭ (ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بىر جاي)نى قوغدىغاي، دېگەن مەزمۇندا بۇيرۇق قىلدۇ.

جيەن بەيجۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭى جيەن چاڭپۇ، كىچىكى جيەن چاڭلى ئىدى. جيەن چاڭپۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا چاڭدېنىڭ باقاۋۇللۇق ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇ، لېكىن ئۇ مەنسەپ تۇتۇشنى خالىمىغانلىقتىن ئىستىپا بېرىپ شىنجاڭغا قايتىپ لوپنۇر ناھىيەسىگە ماكانلىشىدۇ. جيەن چاڭلى چاڭدې ۋە تاۋيۈەننىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقتىن شۇ يەردە ماكانلىشىپ بالا ـ چاقىلىق بولىدۇ. جيەن چاڭلى باشبۇغ ئىدى. ئاكىسى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن 1404 ـ يىلى ئۇ باقاۋۇللۇققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەسكەرلىرى بىلەن سەككىز خۇيزۇ ئورۇنباسار سەركەردە، 30 گېكتار يەر ۋە ئەسكەرلىرى ئۈچۈن 720 مو يەر بېرىلىدۇ.

1469 ـ يىلىغا كەلگەندە جيەن باشنىڭ 8 ـ ئەۋلادى جيەن شياڭ قاراقچىلارنى قوغلاپ تۇتۇشتا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى، دېگەن سەۋەب بىلەن سول قول مىڭبېشىلىققا چۈشۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇيغۇرلار تاكى 11 ـ ئەۋلادقىچە چاڭدېنىڭ سول قول مىڭبېشى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن (1569 ـ يىلىدىن) كېيىن ئەمەل ـ ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولۇپ، ھەربىيلىكنى تاشلاپ يەر تېرىپ دېھقانچىلىق قىلىش، سودا قىلىش، ئوقۇپ ئۆلىما بولۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ھازىرغىچە 28 ـ ئەۋلادقا قەدەم قويىدۇ.[1]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىشى

تەقدىرىنىڭ چاقچىقىدەك بىر ئىش بولۇپ قالدۇ. چۈنكى، ئەينى چاغدا ئۇلار بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ئۇنداقتا ئۇلار بۇ يەرگە ماكانلاشقاندىن كېيىن قانداق قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى؟ مەدەنىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئىستىكى بۇلار توغرۇلۇق ئىزدىنىشىمگە سەۋەب بولدى.

«مەدەنىيەت» دېگەن ئاتالغۇغا ھەر خىل ئېنىقلىما بېرىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىنسانشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇقۇم. ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم ھادىسە بولماستىن، بەلكى، ئىجتىمائىي مۇھىت، ئائىلە، تەلىم-تەربىيە، ئىقتىسادىي ئەھۋال، باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش قاتارلىق ۋاستىلەر تەسىرىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، 1372-يىلى چاڭدېي، تاۋيۈەندە ماكانلاشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 638 يىللىق ئۆزگىرىشنى جۇڭگونىڭ بېسىپ ئۆتكەن دەۋرلىرى يەنى مىڭ سۇلالىسى(1368~1644)، چىڭ سۇلالىسى (1644~1911)، مىنگو دەۋرى (1912~1949) ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋر قاتارلىق ۋاقىت بۆلەكلىرى بويىچە بۆلۈپ، نوپۇس، ئېتىقاد، نىكاھ ۋە باشقا ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەر بويىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

### ھەر قايسى دەۋردىكى نوپۇس ئۆزگىرىشى

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولۇپمۇ پايتەخت بېيجىڭدا ئۇيغۇر ئەمەلدار، ھەربىي ۋە سودىگەرلەرنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى مەلۇم. بېيجىڭدىكى «ئۇيغۇر ئەمەلدارلار مەھەللىسى(ۋېيگۇڭسۇن)»نىڭ مەخسۇس نامىمۇ سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭدىكى نوپۇسىلا نەچچە ئونمىڭدىن كۆپ بولغان. يۈەن سۇلالىسى ھالاكەتكە يۈزلىنىپ موڭغۇللار تۈركۈم-تۈركۈملەپ شىمال يايلاقلىرىغا چېكىنگەندە، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە يەنە بىر قىسمىنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ھالاكەتكە يۈز تۇتقان يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى تەركىبىدىكى ئۇيغۇر ھەربىيلىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ، بۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنى مۇستەھكەملەش، قارشى كۈچلەرنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ئۇيغۇر سانغۇنى باشىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قايىل قىلدۇ ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن ھازىرقى خۇنەننىڭ چاڭدې شەھىرى تاۋيۈەن ناھىيەسى تەۋەسىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جىيەن باشى سانغۇننىڭ باشچىلىقىدا خۇنەن چاڭدېغا كەلگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇغان خۇاڭلى جىيەن فامىلىلىكلەرنىڭ نەسەبنامىسى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپلىرى ۋە بۇلارغا پادىشاھ تەرىپىدىن تارتۇق قىلىنغان 3 مىڭ مو يەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، «جىيەن باشى 1372-يىلى قوشۇننى باشلاپ چاڭدېغا كەلگەن چاغدا تەخمىنەن 100 ئائىلىلىك ئۇيغۇر ھەربىي، ھەر بىر ئائىلە ئەزالىرىنى تەخمىنەن ئۈچتىن ھېسابلىغاندا (ھەربىيلەر پايتەختتىن ئائىلىسى بىلەن كەلگەن) 300 گە يېقىن ئۇيغۇر بار ئىدى»[2] دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

مېنىڭچە بۇ خۇنەنگە كەلگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى بولماستىن بەلكى پادىشاھنىڭ تارتۇق قىلغان يەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ مۇقىم تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ سانى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، شۇ مەزگىللەردە بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ جىيەن فامىلىسىنى قوبۇل قىلماي باشقا جايلارغىمۇ كەتكەنلىكى مەلۇم. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان نوھ. جىيەن شياڭ يى(يەنە بىر ئىسمى: ئابدۇۋەلى مۇھەممەت) ئىسىملىك بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم ئەسكەرلەر شۇ چاغدا جىيەن فامىلىسىنى قوبۇل قىلماي يەنى تاۋيۈەندە تۇرۇشنى خالىماي ئەجدادىنىڭ يۇرتى شىنجاڭغا قايتقان. يەنە بىر قىسىملىرى يۈننەن، گۈيجۇ قاتارلىق جايلارغا كېتىپ «خا» فامىلىسىنى قوللانغان. «خا» بولسا بۇلارنىڭ ئەجدادى خەلىل (خەنزۇچە خالى)نىڭ باش ھەرپى ئىدى. خۇنەن ئۇيغۇرلىرى 1996-يىلى 4-قېتىملىق جەمەت شەجەرىسىنى يازغاندا يۈننەن، گۈيجۇ تەرەپلەردە خا فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئېنىقلاپ چىققان.

جىيەن باشى جەنۇبىي جۇڭگوغا پايتەختتىن يۆتكەپ كېلىنگەن چاغدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ سانى يۇقىرىقى ساندىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن. بۇ توغرۇلۇق سانلىق مەلۇماتلار تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق خاتىرىلەنمىگەچكە، بۇ يەرگە كەلگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئېنىق سانىنى بىلىش تەس، لېكىن شۇ نەرسە ئوچۇقكى، 1219-يىلى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا قوچۇ خانلىقىدىن نەچچە تۈمەن ئۇيغۇر ئەسكەر موڭغۇل قوشۇنى بىلەن يۈرۈشكە ئاتلانغان، كېيىن بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

مىڭ، چىڭ ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئاستا بولۇپ، «1951-يىلى 8-ئايدىن 1952-يىلى 5-ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان مىللەت تەركىبىنى ئايرىپ بېكىتىشتە خۇنەندە ئاران 3319 ئۇيغۇر بار ئىدى»[3] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ سان نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئاز. بۇنداق بولۇشى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي نوپۇسىنىڭ ئازلىقى، ئەمەل ـ مەرتىۋىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلى پەرزەنتلىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشالماسلىقى، تەبىئىي ئاپەت، تىرىكچىلىك ۋە ھەربىيلىككە تۇتۇلۇش، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولغان. ھەر قايسى دەۋرلەردە خۇنەندىن باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىمۇ ھازىر كۆپىيىپ بىر نەچچە مىڭغا يەتكەن، مىسالەن، خېنەننىڭ چاڭگې شەھەر تەۋەسىدىلا 800 دىن ئارتۇق جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇر بار، ئۇنىدىن باشقا يۈننەن، گۇيجۇ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ خۇنەندىن كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى مەلۇم.

ئەسكەرتىش زۆرۈركى، 1569 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلنى خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇشەققەتلىك دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. 1569 ـ يىلى ئۇلار ھەربىي ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە باشقا مىللەتلەر بىلەن روشەن پەرقلىقى سەۋەبلىك، ھۆكۈمران دائىرىلەر تەرىپىدىن «بەدەۋىيلەر »(كونا جەمئىيەتتە تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس كەمسىتىلىدىغان نامى، يەنى «بەدەۋىيلەر» دېگەن نامى بار ئىدى.[4]) دەپ چەتكە قېقىلغان بولسا، يارلىق بويىچە ئۇيغۇر ھەربىيلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلغان ئەينى ۋاقىتتىكى يۈننەن، گۇيجۇ تەرەپلەردىكى «جەنۇبتىكى يات تائىپە» دەپ ئاتالغان بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرىپىدىنمۇ ئۆچ كۆرۈش نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان. شۇڭا ھەر تەرەپتىن كەلگەن بېسىم تۈپەيلىدىن فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ باشقا مىللەت ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەممە ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولغان. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە 10 مىڭدىن ئاشقان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 60 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا كۆپەيگەن نوپۇس يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئاز كەم 600 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. بۇ بولسا مىللىي باراۋەرلىكنىڭ تەدرىجىي ئىشقا ئېشىشى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىشىشى، تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشى، بۇرۇن خۇيزۇ، خەنزۇ دەپ تىزىمغا ئېلىنغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىتىنى ئۇيغۇرغا ئۆزگەرتىشى(مىللەت تەركىبى ئايرىپ بېكىتىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر، خۇيزۇلار ئوخشاشلار «خۇي خۇي» دەپ ئاتىلاتتى، دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە مىللىتىنى خەنزۇ دەپ قارايدىغانلارمۇ بار ئىدى.)، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن خەنزۇ ئەرلەر بىلەن توي قىلغان ئۇيغۇر ئاياللاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئېلىنىشى(يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئەر تەرەپ خەنزۇ بولسا، پەرزەنتى ئاتىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىپ خەنزۇ دەپ تىزىمغا ئېلىناتتى، ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن ھازىر فامىلىسىنى ئاتىسىنىڭكىنى قوللىنىپ مىللىتىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرۇۋاتقانلار كۆپكەن، شۇڭا بۇ يەردە «جيەن فامىلىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، باشقا فامىلىلىك ئۇيغۇرلارمۇ بار» دېگەن سۆز باركەن، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەرلەرگە ياتلىق بولغان خەنزۇ ئاياللاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ئاتىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىپ ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئېلىنىدىكەن) ۋە ئېتىبار سىياسەتلەر تەسىرىدە مىللىتىنى ئۇيغۇرغا ئۆزگەرتكەن ئاز بىر قىسىم خەنزۇلارنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھازىر بۇلارغا نىسبەتەن شەھەر، يېزا نوپۇس دەپ ئايرىماي ئىككى پەرزەنتلىك (خەنزۇلارنىڭ بىر) بولۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغاچقا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن تېز بولۇۋېتىپتۇ.

## نىكاھلىنىش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر

سانغۇن باشى جيەن فامىلىسىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنى بىر نەسەبتىن دەپ قارىدى. ئوخشاش نەسەب ئىچىدىكىلەر ئۆز ئارا توي قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارالغاچقا، باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلاندى. بۇ خىل ئەھۋال خەنزۇلارنىڭ ئوخشاش فامىلىلىكلەرنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىشى ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان دوكتور خۇاڭ لىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا نىكاھلىنىش ئەھۋالى دەۋرلەر بويىچە تۆۋەندىكىدەك بولغان:

(1) مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى 7.89%~28.95%، خەنزۇلار بىلەن 71.05%~92.11% بولغان.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتىنىڭ بۇنداق يۇقىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇ دەۋردىكى «موڭغۇللار، رەڭلىك ئىرقتىكى مىللەتلەر چوقۇم خەنزۇلار بىلەن نىكاھلىنىشى كېرەك، بولمىسا 80 دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە ئەر ـ ئايال ئىككىلىسى ئوردىغا ئەكىرىلىپ قۇل قىلىنىدۇ»[5] دەپ بەلگىلەنگەن سىياسەتنىڭ تەسىرىدىن بولغان. بۇ ئېنىقكى شۇ دەۋرلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ئىدى. مۇشۇ سىياسەتنىڭ تەسىرىدە بۇ دەۋردە خەنزۇلار بىلەن توي قىلىش ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالغان، لېكىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن قارشى تەرەپنىڭ دىنغا كىرىشىنى تەلەپ قىلغان، يەنى دىنغا كىرگەندىن كېيىن نىكاھلانغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلاردىن ئەمەلدارلار كۆپ بولۇپ جەمئىيەتتىكى ئورنى خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى شۇنى تەكىتلىگەچكە،

دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلار بىلەن توي قىلىدىغانلار كۆپ بولغان. بۇ مەزگىلدە يەنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە خۇيزۇ ئۇيغۇرلىرىدا ھەربىي ھوقۇق بولغانلىقتىن تەبىئىيلا ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشى بولغان. تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ يەردىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى باي ئۆتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.[6]

دېمەك مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياستى ئۈنۈم بەرمەي، ئەكسىچە ئۇيغۇرلار يېڭى قانلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جەمەتىنى كۆپەيتىپ ماڭغان.

(2) چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە نىكاھلىنىش چەكلىمىلىرى يوق ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى چەكلەش ئۈچۈن «مۇسۇلمانلارنىڭ خەنزۇ بالىلىرىنى بېقىۋېلىشىغا ۋە خەنزۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ» [7]دېگەندەك سىياسەتلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئەمەل ـ ئىمتىيازدىن مەھرۇم قالغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ 27.93%~6.9%گە چۈشۈپ قالغان. ئەكسىچە خۇيزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى ئۆرلەپ 72.07%~83.10% گە يەتكەن.

(3) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ تەكىتلىنىشى، نىكاھ ئەركىنلىكى ...قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن خەنزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى يەنە ئاشقان. لېكىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىلىدىن 70 ـ يىلىغىچە مەدرىسە تەلىماتى ئالغان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ تەسىرىدە خۇيزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش كۆپرەك تەكىتلەنگەن. 80 ـ يىللاردىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ۋە ئەركىن مۇھەببەتلىشىش،600يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا نوپۇسى كۆپ بولمىغان ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشى يېقىن قانداشلىق شەكىللەندۈرۈپ قويۇپ ئۆز ئارا توي قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قېلىشى... قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا يەنە مىللەتلەر ئارا نىكاھنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىككى تەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى، تىل ئالاقىدە توسالغۇ بولماسلىقى، دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر بىرىنى چەتكە قاقماسلىقى، جەمئىيەتتە ئارىلىشىش پۇرسىتىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە چوڭ كۆلەمدە بىر ـ بىرىنى كەمسىتىشنىڭ يوق بولۇشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھازىرلىنىشى خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەنزۇلار بىلەن نىكاھلىنىشنى تېزلەتكەن. شۇ ۋەجدىن 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى 37.85%~54.62% گە يېتىپ، خۇيزۇلار بىلەن بولغان نىكاھ نىسبىتى 45.38%~62.15% گە چۈشۈپ قالغان.[8]

1990 ـ يىلىدىن بۇيان ئانا مەدەنىيىتىگە تەلپۈنۈش، يىلتىزىنى ئىزدەش قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خۇيزۇلار بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى ئېشىۋېتىپتۇ.

يەنە بىر خىل ئەھۋال، تارىختىن بېرى مىللەت ئىچىدە نىكاھلانمايدىغان جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلاردىن يېقىنقى دەۋردە ئۆز ئارا نىكاھلانغان بىر نەچچە ئائىلە چىققان بولۇپ، بۇنى كۆپ قىسىم كىشىلەر بىر نەسەبتىكىلەر ئۆز ئارا نىكاھلىنىشقا بولمايتتى دەپ قوبۇل قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە 5 ئەۋلادتىن ئاشسا نىكاھلىنىشقا بولىدۇ دېگەن قاراش ئومۇملىشىۋېتىپتۇ.



يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئوخشاش نەسەبتىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلانماسلىقى، ھۆكۈمەت سىياستى، دىنىي ئېتىقاد، ھوقۇق ـ مەرتىۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت پەرقى ۋە كىملىك تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىللار بولۇپ كەلگەن.

## دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر

جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردىن شۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇكى، خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادى جيەن باشى مۇسۇلمان. شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، بۇ ئۇيغۇرلار قوچۇ خانلىقىدىن 1219 ـ يىلى چىققان ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولۇشى ناتايىن، لېكىن بۇلارنىڭ موڭغۇل قوشۇنى تەركىبىدىكى موڭغۇللارغا ئەل بولغان سان ـ ساناقسىز مۇسۇلمان قوشۇنلار تەسىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن. مەن جيەن باشىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قەدەم ئىسپاتلاش ئۈچۈن، 1993 ـ يىلى ئۇنىڭ قەبرىسىنى بۇرۇنقى ئورنىدىن مەسچىت ئىچىگە يۆتكەشكە قاتناشقان بىر بوۋايدىن قەبرىنىڭ قېزىلىشى، جەسەتنىڭ ياتقۇزۇلۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئادىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ھەمدەپنە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم. ئۇنداقتا 600يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جيەن باشىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى زور بولغانلىقتىن (يارلىققا بىنائەن يۈننەن، گۈيجۇلاردىكى بەزى ئاز

www.uyghurkitap.com

سانلىق مىللەتلەرنىڭ توپلاشقان جايلىرىنى بېسىۋېلىپ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان) مىڭ سۇلالىسى دىنىي جەھەتتە بۇلارغا نىسبەتەن كەڭچىلىك سىياسىتى قوللاندى. پادىشاھ جۇيۈەنجاڭ جېمە باشىغا ئاتاپ «پەزىلەت راۋىقى»، «ساداقەت سارىيى»، «جەنۇبنى تىنچىتىش زالى» ۋە «ۋەزخانا» قاتارلىقلارنى سالدۇرۇپ بەردى. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئىشلىرى خېلى ئەركىن ئېلىپ بېرىلدى دېيىشكە بولىدۇ، جېمە باشى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يۈننەندىن «قۇرئانى كەرىم» ۋە دىنىي ئۆلىمالارنى، شىنجاڭدىن ئۇيغۇرچە، پارسچە ئوقۇشلۇقلارنى ئەكەلدۇرۇپ دىنىي ئىشلارنى ئەركىن ئېلىپ بارغان.[9] لېكىن 11 ـ ئەۋلاد (1569 ـ يىلى ) قا كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئەمەل ـ ئىمتىيازلاردىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمىغانلىقتىن ھۆكۈمران دائىرىلەر تەرىپىدىن بەزى جەھەتلەردە چەتكە قېقىلدى، ئېتىقادى چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ھۆكۈمرانلار مەسچىت سانىنى ئازايتىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى تارقاقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىنى چەكلىگەن.

مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى تېخىمۇ زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى، ھەتتا مەسچىتتە 3تىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ دېگەندەك سىياسەتلەرمۇ يۈرگۈزۈلدى.[10]




چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى مۇسۇلمانلار قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدىغان دىندىن خەۋەردار كىشىلەر يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى مەھەللىلىرىدىكى راھىبلار، خەلق ئىچىدىكى داۋجياۋ دىنى خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆلۈم ـ يېتىملىرىنى ئۇزاتتى، تاۋيۈەننىڭ داۋجياۋ دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى «جيۇ لوڭشەن»گە يېقىن بولۇشى ۋە ئىسلام مەدەنىيەت ئۇچۇرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئاستا ـ ئاستا داۋجياۋ دىنى ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارغا ئايلىنىپ قالدى. ھازىر جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنەن 40 ـ 50 پىرسەنتىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «دىندىن قايتقانلار»، سىلىقلاشتۇرۇپ دېيىلسە «ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنلەر» دېيىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى خەنزۇلاردىن پەرقلەنمەيدىكەن، بۇلار پەقەت ئەجدادىنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋە مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. بۇلارنىڭمۇ نوپۇس، كىملىكلىرىدە مىللىتى «ئۇيغۇر» دەپ يېزىلىدىكەن. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشىمىزدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن خۇدۇكسىرەيدىكەن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىلىق سۆزلىشىنى خالىمايدىكەن. قىسقىسى ئۇلار ئۆزلىرىنى ماڭا ئانچە يېقىن تۇتمىدى، لېكىن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار «قېرىندىشىمىز كەپتۇ» دەپ شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىپ مېنى بەس ـ بەستە ئۆيلىرىگە تاماققا تەكلىپ قىلىشتى.

بۇ يەردىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، كېيىنچە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ئۆز ئارا توغرا چۈشىنىدىغان بولغان، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى خىل ئېتىقادتىكى ئۇيغۇرلاردا ئۆرپ ـ ئادەت ئوخشىمىغانلىقتىن بېرىش ـ كېلىشلەر تازا كۆپ بولمايدىكەن. چۈنكى ئېتىقاد تۈپەيلى يەيدىغان يېمەكلىكلىرىدىن تارتىپ تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە پەرق شەكىللەنگەچكە، بېرىش ـ كېلىش قىلىش ئەپسىز دەپ قارىلىدىكەن. لېكىن چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا بىر يەرگە كېلىپ كېڭىشىدىكەن ياكى ئىناقلىقنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىكەن. مەسىلەن، مەسچىتلەردە ھېيت ئۆتكۈزۈلگەندە باشقا خىل ئېتىقادتىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرمۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىدىكەن. مېنىڭ فىكرىمچە، جىڭلىن قاتارلىق يېزىلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈشۈمدىن شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، بۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەيدىغانلار تەخمىنەن 60% ـ 50% بولۇپ، مەسچىتكە يېقىن مەھەللىلەردە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغانلار كۆپرەك ئىكەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت «ئىمان كەلىمىسى» ۋە يېمەكلىكتىكى بەزى پەرھىزلەرنى بىلگەندىن باشقا دىنىي بىلىملەرنى بىلمەيدىكەن، تاۋيۈەن ناھىيەسى تەۋەسى بويىچە 6 مەسچىت بولۇپ، جۈمە ئوقۇيدىغانلار ھەر بىرىدە 30،20 دىن ئاشمايدىكەن، بەش ۋاق نامازنى ئوقۇيدىغانلار پەرەز قىلىشىمچە پۈتۈن ئۇيغۇرلار بويىچە 50 كىشىگىمۇ يەتمەيدىكەن. 1940 ـ يىلدىن بۇيان ھەج قىلغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوق ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قەدىمىي مەسچىتنىڭ 1993 ـ يىلى

قايتىدىن ياسىلىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە دىنىي ئىشلار قايتىدىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان.

خوتەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر قىلغان ئامىللار كۆپ بولسىمۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلە قورغاندىن كېيىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلەتكەن مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كۆپلىگەن ئائىلىدە پەرزەنتلەر توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە تۇراتتى، بۇ خىل چوڭ ئائىلە مۇھىتىدا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە كىرگەن خەنزۇ كېلىننىڭ بارلىق ئىشلىرى قېيىنئانا ۋە قېيىنئاتىنىڭ نازارىتىدە ۋە تەربىيىلىشىدە بولغاچقا، كېلىن پەرزەنتنى ئىسلام مەدەنىيىتىدە تەربىيىلىگەن. خەنزۇ ئائىلىلەرگە كېلىن بولۇپ كىرگەن ئۇيغۇر ئاياللار مەدەنىيىتىنىڭ ئەر تەرەپ مەدەنىيىتىگە ماسلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان مەسىلە، ئەلۋەتتە.

ئاياللار ئورنىنىڭ ئۆسۈشى، چوڭ ئائىلە تۈزۈمىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن كىچىك ئايرىم ئائىلە شەكىللىنىپ قېيىنئانا ۋە قېيىنئاتىلارنىڭ كېلىنلەرگە بولغان نازارىتى بولمىغانلىقتىن، ئىسلام ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئۆزىمۇ خەۋەرسىز خەنزۇ كېلىنلەرنىڭ باللىرىنى ئىسلام مەدەنىيىتىدە تەربىيىلەش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بۇ خىل مەدەنىيەت ئاساسەن ئائىلىدىكى تەربىيە ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.




ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى جېيەن باشى سانفۇنىڭ تاۋيۇەنگە ئورۇنلىشىشى بىلەن بۇ يەرلەرگە تارقالغان بولۇپ، يەرلىك خەنزۇلارغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىزلىقى، سەممىيلىكى، باتۇرلۇقى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئاددىيلىقىدىن تەسىرلەنگەن «زو» فامىلىك خەنزۇلار بۇندىن 400 يىل بۇرۇن جەمەت بويىچە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنى خۇيزۇ دەپ ئاتايدىكەن.

## مىللىي كىملىكنى تونۇش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش

خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ تېخى يېقىنقى زاماندىكى ئىش، يەنى خوتەن ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان داڭلىق تارىخشۇناس جېيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ «مېنىڭ فامىلەم، مېنىڭ يۇرتۇم» دېگەن ئەسىرى 1945-يىلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى «جېيەن» فامىلىلىكلەر ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى رەسمىي تونۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر، خۇيزۇلار ئوخشاشلا ئۆزلىرىنى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن مۇسۇلمانلار دەپ قاراپ كەلگەنىكەن.

بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە: مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىشى ياكى ئاجىزلىشىشى شۇ مىللەتنىڭ نىسبەتەن تارقالغان دائىرىسىنىڭ كەڭ-تارلىقى، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە كەمسىتىلىشكە ئۇچراش-ئۇچرىماسلىقى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. مۇشۇ پىرىنسىپقا سېلىپ قارىساق، كۆپ قىسىم جېيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلاردا ھازىر چوڭ توپقا تەۋەلىك تۇيغۇسى بىرىنچى ئورۇندا، مىللىي كىملىك تۇيغۇسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

## خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

تاۋيۇەن ناھىيە تەرەپتىن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان فېڭشۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ يېزىسىغا كىرىش ئېغىزىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتى فېڭشۇ سىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ» دېگەن خەنزۇچە خەت يېزىلغان ۋە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يوغان ۋىۋىسكا قادالغان بولۇپ، بۇ تىرىلغۇ يەر ئەزەلدىن قىس بولغان جەنۇبىي جۇڭگودا غەربىي يۇرتتىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىز تارتالىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. 2006-يىلىدىكى نوپۇس ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت فېڭشۇ يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىلا 7688 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ يېزىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇلار ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان، نوپۇسى 1500 ئەتراپىدىكى خۇيزۇ-ئۇيغۇر كەنتىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي كەنت نوپۇسىنىڭ 93% نى ئىگىلىگەن.

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان بولۇپ، شال تېرىيدىكەن، يەر قىس بولۇپ، نوپۇسقا بىر مو ئەتراپىدا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر ياشلىرى ئاساسەن باشقا مىللەت ياشلىرىغا ئوخشاش شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشلەيدىكەن. كالا، توخۇ، بېلىق باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ، قاسساپلىق قىلىدىغانلارمۇ، زاۋۇت، كارخانا ئاچقانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادى ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەردىن قېلىشمايدىكەن. تىرىشچان بولغاچقا ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەر

تەرىپىدىن «جۇڭگودىكى يەھۇدىيلار» دەپ تەرىپلىنىدىكەن. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارغا ھېرىس بولۇپ، ھويلا ئاراملىرىغا ھەر خىل دەرەخلەرنى تىكىدىكەن ۋە گۈللەرنى تېرىيدىكەن.

ئۇيغۇرلار كەنتىدىكى خەنزۇلار ۋە خۇيەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن بىلىشىمچە، خۇيەن ئۇيغۇرلىرىدا ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان بىر نەچچە ئالاھىدىلىك باركەن.

1. تەق ـ تۇرقىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تاپقىلى بولىدىكەن، بەزىلىرى ئۇستىخانلىق، ساقاللىق، يوغان كۆزلۈك، بۇدۇر چاچ بولۇپ، ئەتراپىدىكى مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىكەن، بۇ خىل ئەجدادىغا ئوخشاش ھادىسىنى ئۇلار «ئەجدادىغا تارتىش» دەپ ئاتايدىكەن.

2. ئۇلار سۆزدە راستچىل بولۇپ زىيان تارتسىمۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىكەن، ھىيلە ـ مىكىر قىلمايدىغان، جاپاغا چىدايدىغان، باتۇر مىللەت دەپ تەرىپلىنىدىكەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىيىتى بۇ قېرىنداشلاردا ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇيغۇرلار مەھەللىسىدىكى بىر خەنزۇ يولداشنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ لەۋزى ھالال، زىيان تارتىسىمۇ قىلغان ۋەدىسىدىن يانمايدۇ، دېگىنىگە ئەمەل قىلىدۇ» دېگەن گېپى مېنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى.

3. ياشاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە ئورنى خېلى يۇقىرى ئىكەن.

4. سودىغا ماھىركەن، پۈتكۈل تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ بازىرىنى ئۇيغۇرلار كالا گۆشى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، نۇرغۇن ئائىلىلەر مەخسۇس قاسساپلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. قاپقارا بۇرۇت قويغان، قاۋۇل بىر ئۇيغۇر قاسساپ ئۆزىنىڭ ئىنىسى بىلەن يىلىغا مىڭدىن ئارتۇق كالىنى سويۇپ بازارلارغا ئاپىرىپ ساتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ تىپتىكى، كالا، توخۇ فېرمىلىرى ۋە بېلىقچىلىق كۆلچەكلىرىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىكەن.

5. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ماددىي ۋە مەنىۋى پاكىزلىققا ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، بۇلاردا ئوغرى، يانچۇقچى، چېكەرمەن، بىكارچىلار ئاساسەن يوقكەن. تىرىشىپ ھالال پۇل تېپىشنى مىزان قىلغاچقا، ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە ھالال ياشايدىغان ئېسىل خەلق، دەپ قارىلىدىكەن.

6. مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك باللىرىنى ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئوقۇتىدىكەن. ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىگە ئېسىلغان «مەكتەپ ئەھۋالى»دا يېزىلىشىچە، فېڭشۇ يېزىسىنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. بىر ئۇيغۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قىزىنى ياخشى ئوقۇتقانلىقتىن قىزى خىزمەتكە ئىلتىماس قىلغان 208 نەپەر نامزاتنى يېڭىپ شاڭخەيدىكى داڭلىق بىر شىركەتكە خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان. دېمەك بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار مائارىپنىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى خېلى بۇرۇنلا چۈشىنىپ ھېس قىلىشقان.

7. ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئاددىي ـ سادىدىلىقى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىكەن، مەسىلەن، مېيىت ئۈزۈتىش ئىشلىرى شۇنداق ئاددىي( مېيىتنى تېگى يوق تاۋۇت بىلەن بىللە دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت چىققان ئۆينى پاكىز تازىلاپ، ھازىدارلار پاكىز يۇيۇنۇش ئارقىلىق ماتەم تۈتىدىغان) بولۇپ بىر نەچچە مىڭ يۈەن پۇل بىلەنلا تۈگىتەلەيدىكەن، باشقا مىللەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئاددىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھەۋەس قىلىدىكەن.

8. بۇلار ئاۋامنىڭ چوڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدىكەن. بىر بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، گومىنداڭ دەۋرىدە بىر قىسىم ھەربىيلەر كالا سويۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلىپ گۆشلىرىنى بۇلاپ كەتكەن، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بىر تۈركۈم ياشلار تەشكىللىنىپ ئەجدادلىرىدىن قالغان گۈمپىلارنى مەشىق قىلىپ بىرلىشىپ مال ـ مۈلكىنى قوغدىغان. دېيىشىمۇ بۇلارنىڭ ئەجدادى جيەن باشى سانغۇن مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇيۈەنجاڭ تەرىپىدىن 15 خىل ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن سانغۇن دەپ تەرىپلەنگەنىدى. كېيىن بۇلاڭچى ئەسكەرلەر قايتا كەلگەندە ھەممىسى بىرلىشىپ يولدىن چىققان بۇزۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ قاسساپلارغا قايتا چېقىلالماس قىلىۋەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 600 نەچچە يىلدىن بېرى ئەجدادىنىڭ يۇرتى بىلەن ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن. ئۇلار شىنجاڭدىن بارغان بىر قىسىم كىشىلەر سورىغان شىنجاڭغا كۆچۈپ كەتكۈچىلار بارمۇ؟ دېگەن سوئالغا، 600 نەچچە يىلدىن بېرى ياشىغان ماكاندىن كېتىشنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، ئانا يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالمىسلا ئۇلارغا بۇنىڭ ئەڭ چوڭ تەسەللى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى دېيىشتى.

بۇلار 8 ـ ئەۋلادتىن يەنى 1469 ـ يىلىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلىنى رەسمىي قوللانغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان ۋە يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆپەيگەن بېرىش ـ كېلىشلەر تەسىرىدە ئۆگەنگەن «دوست»، «ياخشىمۇ سىز»، «خوش»، «مېيىت»، «جىنازا»، قاتارلىق بىر قىسىم سۆزلەردىن باشقا ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى بىلمەيدىكەن. لېكىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يازلىق تەتىللىك «مەدەنىيەت تەربىيەلەش كۇرسى»دا پىدائىي بولۇپ بىر يىل ئۇيغۇرچە تىل ۋە مەدەنىيەت ئۆگەتكەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن مەريەم ئىسىملىك بىر قىزنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم بالىلار ۋە چوڭلار ئىچىدە ئاددىي ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى دېيەلەيدىغان، يازالايدىغان

ۋە چۈشىنەلەيدىغانلار پەيدا بولۇپتۇ.

## بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىن قارىغاندا بۇلار گۆرۈچ تاماقلىرى ۋە كۆكتاتنى ئاساس قىلىدىكەن. دېھقانچىلىقتا ئاساسەن شال تېرىپ، بۇغداي تېرىمىغاچقا خېمىرلىق تاماقلارنى كۆپ يېمەيدىكەن. گۆش تۈرلىرىدىن كالا، بېلىق، ئۆردەك، غاز، توخۇ گۆشلىرىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىكەن.

كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن، لېكىن ھېيت ـ بايراملاردا، بەزىلىرى ئۆي ئىچىدە مىللىيچە كىيىملەرنى كىيىدىكەن. كۆپلىگەن ئائىلىدە دوپپا باركەن. مەن بىر قىسىم ئائىلىلەرگە كىرگەندە ئۇلار ئۆيلىرىدىكى دوپپىلىرىنى كىيىپ مەن بىلەن پاراڭلاشتى. يەنە بىر قېتىم بىر قاسساپنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز كىرىپ ئوغلىنىڭ دوپپا كىيىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. لېكىن بۇ يەردە بېشىغا ياغلىق چەككەن ئۇيغۇر ئاياللارنى ئۇچراتمىدىم ھەتتاكى مەسچىت ئىمامىنىڭ ئايالىمۇ ياغلىق چەكمىگەن ئىدى، بەلكىم بەزى ئاياللار پەقەت ناماز ئوقۇغاندىلا ياغلىق چەكسە كېرەك.

بۇ يەردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاخۇن، موللىلارنى قەبرە بېشىغا ئېلىپ بېرىپ قۇرئان ئوقۇتىدىغان ئادەتلەر بولۇپ، ئادەتتە 10 يۈەندىن يۇقىرى پۇل قويىدىكەن. قوي، كالا، توخۇ قاتارلىقلارنىمۇ ئاخۇن، موللىلار(ئۇلار لاۋشىفۇ ‹پېشقەدەم ئۇستاز› دەيدىكەن) بوغۇزلاپ بېرىدىغان بولۇپ، قوي بوغۇزلاپ بەرسە 5 يۈەن، كالا بوغۇزلاپ بەرسە 10 ـ 20 يۈەنگىچە پۇل ئالىدىكەن، توخۇ بوغۇزلاپ بەرسە پۇل ئالمايدىكەن. ئاخۇن، موللىلارنىڭ ھويلىسىدا ئادەتتە مال بوغۇزلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ساندۇقتا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىكەن. بۇ ئاخۇن، موللىلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئىكەن. مەن دىندا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىسام، ئۇلار بارلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىشى تەس بولغاچقا، ياشلارنىڭ قىزغىنلىقىنىڭ كەملىكىنى ئېيتىشتى.

مەن تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىككى قېتىملىق توي ـ مۇراسىمغا قاتناشتىم، بىرسى خۇيزۇلارنىڭ، يەنە بىرسى «ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن» ئۇيغۇرلارنىڭ. بۇ تويلارنىڭ بىرىنچىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇلار ئادەتتە قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەن كۈنى قىز يىگىت بىلەن بىرگە بولماي ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن تۇغقانلىرى بىلەن ياتىدىكەن، ئەتىسى توي رەسمىي باشلىنىپ ھەر خىل پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، يەنى قىزنى يۆتكەپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئاتا ـ ئانىغا تەزىم قىلدۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن توي داۋام ئېتىدىكەن.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي قىلىش ئادىتىنى «ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە قىلىش» ۋە «توي مۇراسىمى شەكلى بويىچە قىلىش»دەپ ئىككى تۈرگە بۆلگىلى بولىدىكەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە توي قىلىدىكەن يەنى نىكاھ ئوقۇتىدىكەن، مەسچىت ئىمامىنىڭ ئېيتىشىچە، تويىدا نىكاھ ئوقۇتمايدىغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارمۇ باركەن. ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار تويىنى ئاساسەن خەنزۇلارغا ئوخشاش شەكىلدە ئېلىپ بارىدىكەن.

كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ قەبرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزىنىڭ يانلىرىدا بولىدىكەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار قەبرىلىرىگە ئايەتلەر ئويۇلغان بەلگە تاشلار ئورنىتىلغان بولۇپ، قەبرىگە دۆۋىلەنگەن توپا توت چاسا شەكىلدە ئىكەن، ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرىلىرى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاش يۇملاق بولىدىكەن، قەبرە بېشىغا ئايەت يېزىلمايدىكەن. بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ قەبرە تېشىغا «جەنۇبنى لەرزىگە سالغان سانغۇننىڭ20 ـ ئەۋلادى» دەپ ئويدۇرماقچى بولغان ۋاقىتتا، تاشقا خەت ئويىدىغان ياش ئۇستامنىڭ ئۆلكە باشلىقى كەلسىمۇ بۇنداق يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالغاندا، بۇ بوۋاينىڭ: «سەن ياش بولغاچقا بىلمەيدىكەنسەن، ئۇستاڭدىن سورا» دېگەنلىكىنى، ياشانغان ئۇستامنىڭ شاگىرتىغا: «خاتىرجەم ئويۇۋەر، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئۆز ۋاقتىدا مىڭ پادىشاھى ئاشۇنداق ئۇنۋان بەرگەن» دېگەندىن كېيىن خاتىرجەم ئويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. دېمەك، ئۇلار ئەجدادىنىڭ شانلىق تارىخىنى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

ھازىر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ياخشى بولۇپ باراۋەرلىك ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق زىددىيەتلەرنى ئازايتقان بۇ يەردە باراۋەرلىك ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشنىڭ زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى يولى ئىكەنلىكى يەنە بىر قەدەمدە ئىسپاتلانغان. چىڭلىن خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر يېزىسىغا بارغاندا چىڭلىن مەسچىت ئىمامىنىڭ چوڭ ئائىلىسىگە چاقىرىلىق يىغىلغان ھەر مىللەت ئائىلە ئەزالىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدىم. بۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇدىن تەشكىل تاپقان ئىناق چوڭ بىر ئائىلە ئىدى.

مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن فېڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسى قەدىمىي مەسچىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئابلەت. جيەن پىڭ فېي يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە يىلدا بىر قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرۇلۇق دەرس ئۆتىدىكەن.

## ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلاردا ئانا مەدەنىيەتكە تەلپۈنۈش ۋە يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت كۈچلۈك بولغاچقا، ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرگەنلىرى شىنجاڭغا كېلىپ قوچۇ قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، قۇمۇلدىكى «تاش كۆۋرۈك»قاتارلىق ئەجدادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. بارالمىغانلىرى بارغانلار ئېلىپ كەلگەن قوچۇ قەدىمىي شەھىرىنىڭ تۇپرىقىنى ياكى شىنجاڭنىڭ خاتىرە

بۇيۇملىرىنى «قىممەتلىك خاتىرە» دەپ قاراپ ئۆيلىرىدە ساقلاۋېتىپتۇ. بىر بوۋاي ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ 3 ـ قەۋىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۆرگەزمىخانىسى قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلار، دوپپا ھەتتا ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان تەييار چۆپنىڭ قېپى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ باركەن.

قەشقەرگە كەلگەن جيەن باشىنىڭ 21 ـ ئەۋلادى ئىبراھىم.جيەن شىيائفۇ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ھېيتگاھقا كەلگەندە باشقىلار ئۇنىڭ خۇنەندىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ھەيرانلىقتا ئۇنى ئورىۋالغان، بۇ كىشى شۇ ۋاقىتتىكى تەسىراتىنى خۇنەن ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ژۇرنىلىغا مۇنداق يازغان:

شىنجاڭدىكى تەسىرات

ئەجدادىمىز كېلىپ جەڭ بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ باغرىدىن

ماكانلاشقان جاڭجياڭ جەنۇبىغا 600 يىل بۇرۇن

يىلتىزىمنى ئىزدەپ بارغىنىمدا ئانا يۇرتۇمغا

سىرغىدى كۆز ياشلىرىم بۇلاق سۈيىدەك

قېرىنداشلار كۆرۈشتۇق، لېكىن تونۇشمىدۇق،

كۆلۈمسىرىدىم تاۋۇيۇەندىن مەن دەپ

..............

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانا مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىشنى كۆپەيتىپ مىللىي قېرىنداشلىق مېھرىنى كۈچەيتىشنى ۋە بىر ـ بىرىگە مەنىۋى جەھەتتىن يار ـ يۆلەكتە بولۇپ ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. مەن خۇنەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇنەنلىك بىر ئۇيغۇر قېرىنداش ماڭا تېلېفوندا مۇنۇ سۆزلەرنى قىسقا ئۇچۇر قىلىپ يوللاپتۇ: «بىز بىر ئائىلىدىكى بىر نەچچە مىللەت كىشىلىرى(ئايالى خەنزۇ، قېيىنئانىسى خۇيزۇ) سىلەرنىڭ بىزنى ئىزدەپ تۇرغىنىڭلاردىن مىننەتدار بولدۇق، بىز مىللەتداش، مەدەنىيەتداش، قەلبداش. تەڭ كۈچ چىقىرىپ مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشايلى، بىزگە ئانا دىيارىمىزنىڭ روھىي مەددىتى بولمىسا بولمايدۇ، ئانا دىيارىمىز بىزنى ئۇنتۇپ قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىز ھەر تەرەپتىن تىرىشىپ، ئورتاق تەرەققىيات ئۈچۈن كۈچ چىقىرايلى.»

خۇنەندىكى يەنە بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىنىڭ: «ئەجدادىمىز 640 يىل بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرت(شىنجاڭ)دىن كەلگەنلىكىنى، يىلتىزىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق، ئۆزىمىز خۇنەندە ياشىساقمۇ، قەلبىمىز ھامان تەڭرى تېغىدا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا يۇرتىدىن، ئۇيغۇر بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز» دېگەن ئوتلۇق ھېسسىياتلىق يۈرەك سۆزىنى ئاڭلىغاندا مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالغان ئىدىم. چۈنكى، خۇنەنگە كەلمىگەن چاغدىكى تەسەۋۋۇرۇمدا بۇلار ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ھېچنېمىسى قالمىغان ئۇيغۇرلار ئىدى، لېكىن 10 نەچچە كۈنلۈك سىردىشىش، مېھمان بولۇش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىمكى، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى، ئاچچىق ـ تاتلىق قىسمەتلىرى بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىغا يوللىغان ئەڭ قىممەتلىك سالىمى ئىدى.

ھۆكۈمەت مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا مەدەت بېرىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە، ئۇلار ھەر تەرەپتىن كۈچەپ ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۇتۇنغان بولۇپ، تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا خاس بەزى مەدەنىيەتلەرنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتىۋېتىپتۇ. بېرىش ـ كېلىشلەر كۆپەيسە، ھۆكۈمەت پىدائىيلارنى تەشكىللەپ مەكتەپلەردە داۋاملىق ئۇيغۇرچە ئۆگەتسە، ھەر يازلىق تەتىلدە ئېچىلىۋاتقان ئانا مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، مۇقەررەركى ئوخشاش يىلتىزدىن كۆكلەپ چىقىپ ئوخشىمىغان مۇھىتتا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىر ـ بىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

2010 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

## ئىزاھات ۋە پايدىلانغان ماتېرىياللار

[1]چېن زۇنۋاڭ، جيەن ۋېن تۇزگەن، ئابلەت نۇردۇن، جۇمەخۇن تەرجىمە قىلغان : «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 5 ـ بەتتىن 10 ـ بەتكىچە بولغان مەزمۇنىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. [4]، [9]، [10] ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇ كىتابنىڭ 143 ـ، 64 ـ ، 63 ـ بېتىدە.

[2]، [3] خۇاڭ لى: «خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ماسلىشىشى»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى، خەنزۇچە، 59 ـ، 60 ـ بەت.

[6] ماشەنيىڭ: «تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ مىللەت،دىن تارىخى»، خەنزۇچە، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي، ئىچكى ماتېرىيال 115 ـ بەت.

[8] نىكاھلىنىش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش دېگەن بۇ خۇاڭ لىنىڭ: «جيەن جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدىن خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋالىغا نەزەر»(غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى، 2008 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە) ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا يېزىلدى. [5]، [7] بۇ ماقالىنىڭ 40 ـ، 41 ـ بېتىدە.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا فولكلور بويىچە 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت.

**ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئابلەت نۇردۇن**



**تەرجىمە كۆزنىكى**

# ئەگەر قەلەم ھەققى بولمىسىمۇ، سىز يەنىلا يېزىقچىلىق قىلامسىز؟

تۇردا بىراۋنىڭ مۇنداق بىر سوئالنى سورىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم: ئەگەر بىر كۈنى بارلىق گېزىت-ژۇرناللار قەلەم ھەققى بېرىشنى توختاتسا، سىز يەنىلا يېزىقچىلىق قىلامسىز؟ ئىشتىن سىرتقى يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭچە بۇ سوئال بىزنىڭ ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

يېزىقچىلىقنىڭ كەسىپكە ئايلىنىشى نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نەشرىياتچىلىق مەدەنىيەت كەسىپكە ئايلانمىغان قەدىمكى دەۋردە، گەرچە نۇرغۇن يازغۇچىلار (جۈملىدىن شائىرلار) بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار، ئادەتتە باشقا بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان، يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى قەلەم ھەققى ئۈچۈن بولمىغان. چۈيۈەن ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىرىنچى داڭلىق شائىر، بىراق ئۇ، ئەسەرلىرى ئۈچۈن قانچىلىك قەلەم ھەققىگە ئېرىشكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. كېيىنكى ئەدەبىيات سەھنىسىدە، چولپانلار چاقناپ، ياڭ شيوڭ، ليۇ شىيىدىن تارتىپ لى بەي، دۇفۇ، ليۇ زوڭيۈەن، سۇ دوڭپو، شىن جىجىلارنىڭ ھەممىسى تالايلىغان نادىر ئەسەرلىرىنى قالدۇردى، لېكىن ئۇلار قانچىلىك قەلەم ھەققىگە ئېرىشكەن؟ ئۇلار بۇ پۇلغا (قەلەم ھەققىگە) تايىنىپ كۈن كەچۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مىڭ، چىڭ سۇلالىرىدىن كېيىن، بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ قەلەم ھەققى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئائىلە كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن (باسمىچىلىق سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشى نەشرىياتچىلىقنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن) بولۇشى مۇمكىن. بىراق، يېزىقچىلىققىلا تايىنىپ بېقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن يېزىقچىلىق مەخسۇس كەسىپكە ئايلاندى، نەتىجىدە ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئەركىن يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى، شۇنىڭدەك، بۇ ئارقىلىق ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. مىنگو دەۋرىدىكى كەسپىي ئەدىبلەر ئارىسىدا، خېلى كۆپ «بايلار» بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جاڭ خېنشۈينىڭ قەلەم ھەققى بىلەن 20 نەچچە كىشىنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشى ئۆتىدىكەن، بۈيۈك يازغۇچى لۇ شۈننىڭ قەلەم ھەققى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خېلى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە يېتىدىكەن، بىراق، بۇنداقلار ئىنتايىن ئاز. شۇڭا، ئىلگىرىكى كۆپ قىسىم يازغۇچىلار

www.uyghurkitap.com

دەردىنى تۆكۈش، ئىزھار قىلىش، قىزىقىشى ۋە مەسئۇلىيىتىنى چىقىش قىلىپ يازغان. ئاشۇ دەۋردە، يېزىقچىلىقنىڭ «تاۋارلىشىش» دەرىجىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، يازغۇچىنىڭ چىقىش نۇقتىسى نىسبەتەن ساددا، ھەتتا ئاپتورلۇق ھوقۇقى دېيىلگەن ئىدىيەدىمۇ بولمىغان ئىدى. جۇڭگو رومانچىلىقىدىكى ئابىدە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»كە قاراپ باقساق، ساۋ شۆچىننىڭ رومان يېزىشىدىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتا ساۋ شۆچىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى يېزىپ چىقىش بىر زىيان چىقىدىغان سودا. تۇرمۇش ھەقىقەتەن كۆلكىلىك، ئۆزى چۈشكۈنلىشىپ، ھەتتا شوۋىگۇرۇچىنمۇ قەرزگە ئېلىشقا تاس قالغان ساۋ شۆچىن، كېيىن زور بىر تۈركۈم ئادەمگە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكى، يەنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى تەتقىق قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك كەسىپ بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بولغىيدى؟ بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە «ھېكايە شاھى» دەپ ئاتالغان پۇسۇڭلىن قاتارلىقلارمۇ بار. ئەگەر ئۇلاردا مەنپەئەت تەمەسى بولغان بولسا، مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالارمىدى؟ ئەدەبىياتنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن. گەرچە، ھازىرقى زامان ئىقتىساد شەكىللىرى ئەدەبىياتقا غايەت زور ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئىنتېرنېتنىڭ مەيدانغا كېلىشى دۇنيانى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن، يېزىقچىلىق يەنىلا كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. «ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىق دېمەكتۇر. ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات، ئەركىن ئەدەبىياتتۇر. شۇنداقلا، ھەربىر ئادەم بەلگىلىك ئەدەبىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇشى كېرەك، شۇندىلا، كىشىلەرنىڭ ئادىمىيلىكە بولغان چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇر، مول ھەم ئېنىق بولىدۇ» دەيدۇ شائىخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «بىخ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جاۋ چاڭتيەن. تور دۇنياسى دەۋرىدىكى «توردىكى بىلوگ ھادىسىسى» دىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاۋامنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يېزىقچىلىقمۇ تەدرىجىي ئومۇملىشىدىغان ئىش. ئىنتېرنېت تورى «ئەسەر ئېلان قىلىش»نىڭ «بوسۇغىسى»نى قومۇرۇپ تاشلاپ، خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەرنى يېزىقچىلىققا قاتناشتۇردى، خېلى زور تۈركۈمدىكى تور بىلوگ يازغۇچىلىرى پۇل ئۈچۈن يازمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا، مەن ئىشىنىمەنكى، «ئىشتىن سىرتقى يېزىقچىلىق» ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، قەلەم ھەققى بولمىغان تەقدىردىمۇ، جاھاندا نۇرغۇن كىشىلەر قەدىمكىلەرنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق تۈردە «بىكارغا ئىشلەش»كە رازى بولىدۇ.

---

ۋېي مىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىلى ئاۋغۇستتىكى ئالدىنقى ساندىن ئەلىجان تۇرسۇن تەرجىمە قىلغان. تىلماچ: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم.

# «يۇقىرى»غا ئەرز قىلغاندىن كۆرە، قانۇننى «ئۆزگەرتكەن» تۈزۈك

ھازىرقى تۈزۈمدىكى «ئەرز ـ شىكايەت»نىڭ تەسىس قىلىنىشىدا مەسىلە يوق. مەسىلە دەل «يۇقىرىغا ئەرز قىلىش»تا. خۇددى ئامېرىكا يازغۇچىسى ھېللېرنىڭ «يىگىرمە ئىككىنچى ھەربىي نىزام» ناملىق كىتابىدا يېزىلغىنىدەك: ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى «يۇقىرىغا ئەرز قىلىش» تۆۋەندىكى ئەمەلدارلارغا «ئىشەنمەسلىك»تىن دېرەك بېرىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئەرزىيەت تۈزۈمىمىز بولسا ئەرز قىلغۇچىلارنى تۆۋەندىكى ئەمەلدارلارغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرز قىلغۇچىلار بىر ـ بىرىگە زىت بولغان مۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرايدۇ: يەنى ئەرز قىلىش ھوقۇقىڭىز بار، ئەمما «دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىشىڭىز قاتتىق چەكلىنىدۇ.» ئەگەر يەنە داۋاملىق تۈردە «دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن» دەيدىكەنسىز، «ئەرزىيەت توسقۇنلۇقى»غا ئۇچرىشىڭىز تۇرغانلا گەپ.

بېيجىڭدىكى «ئەرز ـ شىكايەتچىلەرنى توسۇش ئەترىتى» ۋە ئۇلارنى توسۇۋېلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئېغىزغا چىقىپ قالغىلى خېلى يىللار بولدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەرز-شىكايەتچىلەرلا بېيجىڭغا ئۆتۈشلۈق بارالىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭدىن كۆپى يۇرتىدىن چىقمايلا «توسۇۋېلىنغان»، ھەتتا «مەجبۇرىي تۇتۇپ كېتىلگەن.»

يېقىندا ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھىرىدىكى ناھىيە-يېزىلاردا، مۇنداق لوزۇنكىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ: «قانۇنسىز ھالدا يۇقىرىغا ئەرز قىلغۇچىلارغا قارىتا: بىر قېتىم ئەرز قىلغانلار تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ، ئىككى قېتىم ئەرز قىلغانلارغا ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىلىدۇ، ئۈچ قېتىم ئەرز

قىلغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.» كۆپلىگەن دېلولاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇنداق سوئاللار قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈنلا يېزىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىمۇ خېلى كۆپ.

شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئەرز-شىكايەتچىلەرنىڭ پايتەختكە بېرىش قەدىمى توختاپ قالغىنى يوق. يۇقىرىغا ئەرز قىلىشتىكى نېگىزلىك مەسىلە شۇ يەردىكى، ئەرزچى ئاما بىر قىسىم يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، بۇنداق ئەمەلدارلار «يۇقىرىغىلا تەلمۈرۈپ، تۆۋەندىكى خەلق ساداسىغا قۇلاق سالمايدۇ، ھوقۇققىلا بېرىلىپ، قانۇنغا پەرۋا قىلمايدۇ.» ئەمەلدارلار ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. شۇڭا مەسىلە ھەل قىلىشتا، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئىزدەش كېرەك. ھالبۇكى، يەرلىك ئەمەلدارلار بولسا، يۇقىرىغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، شۇنداقلا بىر قانچە قېتىملىق ئەرز-شىكايەت تۈپەيلىدىن سىياسىي نەتىجىلىرىنىڭ يوققا چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەرزىيەتكە بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپ توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

بۇ، قارىماققا يېشىمى يوق تۈگۈنگە ئوخشايدۇ: يۇقىرىغا ئەرز قىلغۇچىلار بىلەن ئەرزىيەتكە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ ئويۇنىدا، ئەرز-شىكايەتچىلەر ھەرخىل نىقابلار بىلەن يوشۇرۇنۇپ، توسۇقتىن ئۆتۈۋېلىشقا تىرىشىدۇ؛ ئەرزىيەتكە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار بولسا، بەدەلنىڭ كۆزىگە قارىماي، كۈچلۈك قوشۇن بىلەن توسۇق قۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. بەزىدە، پايتەختكە يىراق جايلاردىن كېلىدىغان ئەرز-شىكايەتچىلەر كۆپىيىپ كەتسە، ئۇلار يېتىشىپ بولالماي نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئەرزىيەتنى ۋاكالىتەن توسۇپ بەرگۈچى» شەخسىي شىركەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بېيجىڭ ئەنيۈەندىكى مەخسۇس ئەرز-شىكايەتچىلەرنى توسۇپ بېرىشنى ئاساسلىق تىجارىتى قىلغان بىر «ئامانلىق قوغداش شىركىتى»نىڭ 2008-يىلىدىكى يىللىق تىجارەت كىرىمى 21 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. مۇشۇنداق بىمەنە رېئاللىق، ئاشۇنداق «ئەرز-شىكايەتچىلەرنى توسۇپ بېرىش شىركەتلىرى»نى داۋاملىق روناق تېپىش بوشلۇقىغا ئىگە قىلغان.

رېئاللىق شۇكى: جەمئىيەتتىكى تەبىقە ئايرىمىسى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ھاسىلاشتۇرۇش بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتىدۇ.

مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىغا كەلسەك، ئەرزىيەت تۈزۈمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەكمۇ ياكى قانۇن-تۈزۈمنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەكمۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، «يۇقىرىغا ئەرز قىلىش» كېرەكمۇ ياكى قانۇننى «ئۆزگەرتىش» كېرەكمۇ؟

قانۇن-تۈزۈم جەمئىيىتىدە، قانۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېسىمى سوتچىغا باغلىق: ماجىرالار ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئەدلىيە تەرتىپلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەرزىيەت تۈزۈمى بولسا، بىر ئەرزىيەت قىلمىشىغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى يۇقىرىدىكى ئەمەلدارنىڭ قانداق ئارىلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا باغلاپ قويىدۇ. ئۇنى دەپ بۇنى دەپ كېلىپ، ئاخىرى يەنىلا ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن، ئەرزىيەت تارماقلىرى پەقەت «ئوتتۇرا بېكەت»لىك رولىنىلا ئۆتەپ، ھېچقانداق ئەمەلىي بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى بولسا، ئەرزىيەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرىغا ياكى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىشلا ئىدى، خالاس.

بىراق، دۆلەت ئەرزىيەت ۋە ئەرزىيەت تۈزۈمى تەشۋىقاتىدا، ئۇنىڭ «ئوتتۇرا بېكەت»لىك ئورنىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن توختاپ قالماي، ئەرزىيەت خىزمىتى خادىملىرى قانداق قىلىپ ئەرز-شىكايەتچىلەرنىڭ «قىيىننى ئاسان قىلىشى» ۋە ئەمەلدارلار ئەرزىيەت تارماقلىرىغا كېلىپ يىغىلىپ قالغان دېلولارنى نەق مەيداندا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، دېگەندەك گەپلەر ئەرزىيەت خىزمىتى تەشۋىقاتىنىڭ ئاساسلىق مېلودىيەسى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئەرز-شىكايەتلەرنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغان بىر كۆزنەك تەسىس قىلىنغان بولدى.

ئاتالمىش «قانۇنغا ئىشەنگەندىن ئەرز قىلغان ياخشى» دېگەن گەپنىڭ چىقىشىدا، بۇنىڭغا بىر جەھەتتىن ئەرز-شىكايەتچى ئاممىنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە تەپەككۇرى سەۋەب بولغان. شۇڭا، ئەرز-شىكايەتچى ئاممىنىڭ «ئەرز» قىلىشى، ئۇنىڭ «ئەرزىيەت تۈزۈمى»گە ئىشەنگەنلىكى بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەپ قايىل قىلغىلى بولىدىغان بىرەر رەھبەرگە ياكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىكىدەك ئۇلگىلىك ئەمەلدارنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدىن بولغان.

ئەرز-شىكايەتچى ئاممىنىڭ بۇنداق «ئوتتۇرا بېكەت»تىن ئۆتۈشى، ئالاقىدار تارماقلارنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى: ئەرزىيەت «مۇقىملىقنى قوغداش» خىزمىتىدە سۇسلاشتۇرۇش بەلبېغى ھاسىل بولغان ئىدى. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، رەھبەرلەردىن ئاممىنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىش «ئەرزىيەت توسقۇنلۇقى»غا ئوخشاش بىمەنە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشقا پايدىلىق. رەھبەرلەرنىڭ ئەرز ـ شىكايەتچى ئاممىنى قوبۇل قىلىشى كۆچەپ تەكىتلەنسە، ئۇلار «بىرىنچى قول باشلىق»لار بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشەلىسە، بۇ، ئەمەلدارلارنىڭ ئاۋامنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق، شۇنداقلا يۇقىرىغا ئەرز قىلىماقچى بولغان ئەرزىيەت دەۋاسىمۇ يەرلىكتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ قولىدىلا ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇغىنىسى بۇنداق «ئەرزىيەتچىلەر يېشىل كارىدورى»نىڭ ھەممىشە ئوچۇق بولۇشى ئاسانغا توختىمايدۇ ــ «بىرىنچى قول»لار دائىملا شۇنداق ئالدىراش، ئەرزچىلەرنى كۈتۈۋېلىشىنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ.

«رەھبىري كادىرلار»نىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى نامى بىلەن قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە ئەدلىيەگە ئارىلىشىۋېلىشى يەنە بىر قاتار يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. رەھبىري كادىرلار ئېھتىمال ئاممىنىڭ ئەرزىنى ئايدا ئاران بىر قېتىم قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئەمما كۈندە دېگۈدەك زىياپەت ئۈستىلىدە «ھوقۇقدارلار ۋە بايۋەچچىلەر»نىڭ «زىيارىتى»نى قوبۇل قىلىشتىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. ئوخشاش بىر يازما ماتېرىيال، ئوخشاش بىر رەھبەرنىڭ تەستىقىغا دۇچ كەلگەندە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە ئەدلىيە خادىملىرى بۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيەدە بولار؟ شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئادالەتسىزلىك، كېيىنكى نۆۋەتلىك يۇقىرىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىش بىلەن ئەرزىيەتكە «توسقۇنلۇق» قىلىشلارنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى ئىنتېرنېت تورى دەۋرىدە، يۇقىرىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلغۇچىلار بىلەن ئەرزىيەتكە «توسقۇنلۇق» قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ «ئويۇن»، تورغىمۇ سىڭىپ كىردى. توردا ئەرز ـ شىكايەتنى توسۇش (ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۆچۈرۈش ۋە چاپلاشتىن ئىبارەت)، پايتەختتىكى «ئەرز ـ شىكايەتچىلەرنى ۋاكالىتەن توسۇپ بېرىش»قا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بازارغا ئىگە بولدى. بۇنداق غەيرىي بازارنىڭ ئاينىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئەرزىيەت تۈزۈمى ۋە ئەرزىيەت تەشۋىقاتى ئۈستىدە قايتىدىن مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشتىن سىرت، يەنە ئەمەلدارلار بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش، ھوقۇقنى مۇۋاپىق يوسۇندا تەڭشەش ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلامدىكى كۆپ مەنبەلىك ئاساسىي قاتلام تالاش ـ تارتىشلىرىنى ھەل قىلىش مېخانىزمىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

يەرلىك ئەمەلدارلار ئاۋام خەلقتىن ئەيمىنىدىغان، قانۇننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان بولغاندا، ئاۋام يۇقىرىلاپ ئەرز قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ئۆزلۈكىدىنلا ھېس قىلىپ قالىدۇ.

---

ۋاڭ لىن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فىلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2010 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن **ئاسىمجان ئابلىمىت** تەرجىمە قىلغان. تىلماچ: خېجىڭ ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا.

# بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم؟

ھەربىر دەۋرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى بولىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە پىدائىي ئەسكەرلەر ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ھېسابلىناتتى، ئۇلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك تەرىپىنى ۋېي ۋېينىڭ ھېلىقى داڭلىق ئەدەبىي ئاخباراتىنىڭ تارقىلىشى بىلەن تەڭ، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن بىلىپ كەتتى.

بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم؟

مەن دەۋاتقان «بۈگۈن» ھازىرقى، يەنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىلنى كۆرسىتىدۇ. مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن، ئۆز ئالدىغا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر: دۆلەتنىڭ بىر پۇڭ پۇلى، بىر سۇڭ يېرىنىمۇ بىكارغا ئېلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر؛ دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىۋالمايدىغان كىشىلەر ــ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

دۆلەت ۋە كارخانىلار جەمئىيەتنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا نەچچە تۈمەن، ھەتتا نەچچە يۈزمىڭ، نەچچە مىليون يۈەن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەبلىغى سەرپ قىلىدۇ. دۆلەت مەمۇرلىرىنى دېمەيلا تۇرايلى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بىر شوپۇرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 20 ـ 30 تۈمەن

يۈەنگە «ئۇۋدى» ماركىلىق ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 7 ـ 8 يىل ئىلگىرى «لىيەنشياڭ» گۇرۇھى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەبلىغىنى ھېسابلاپ كۆرگەندە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمگە توغرا كەلگىنى تەخمىنەن 7 ـ 8 تۈمەن يۈەن ئەتراپىدا بولغان (سانلىق مەلۇماتتا بەلكىم خاتالىق بولۇشى مۇمكىن). ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغى خىزمەت بىناسىنىڭ كۆلىمى، سۇ ـ توك خىراجىتى، مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەتچىلەر قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ يىل بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مۇئەللىمنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئامېرىكىدا ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغ 7 تۈمەن ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا بولىدىكەن.

بەزىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەبلىغىگە نىسبەتەن ھېچقانداق چۈشەنچىسى يوق دېيەرلىك. مەسىلەن: يول ياقىسىدا ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن ھەق ئېلىنىدۇ. ھەق يىغقان شىركەت مېنىڭ تەننەرخ مەبلىغىم يوق، شۇڭا مەن يىغقان بۇ پۇلدىن ھەق يىغقۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ، قالغىنىنى باشقا ئىشلىتىمەن، دەپ ئويلايدۇ. توغرا ئەمەس! گەرچە شىركىتىڭىز ئىش ئورنى تەننەرخ مەبلىغى بىلەن تەمىنلەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق يولنى بىز باج تاپشۇرغۇچىلار ۋە يول ئاسراش ھەققىنى تاپشۇرغانلار ياسىغان، يەنى ئىش ئورنى مەبلىغى ھېساباتىنى بىز ئاللىقاچان تۆلىۋەتكەن. شۇڭا، بۇ، بەزى يول ھەققى يىغقۇچىلارنىڭ مۇلازىمىتى ياخشى ئەمەس، پوزىتسىيەسى ناچار بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىشى، ھەتتا ھاقارەتلەشلىرىگە دۇچار بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى. ئادەم تىللاش بولسا ئېنىقكى قانۇنسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىق. بىراق، باج تۆلەيدىغانلار ۋە ماشىنا ھەيدەيدىغانلار سىزنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن تۇرسا، سىزدە ئازراقمۇ مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بولمىسا، ئەجەبا بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەمدۇ؟

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن، ئۆز ئالدىغا بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ئىكەن، ئۇنداقتا، ئاشۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى سەۋەبىدىن، دۆلەت ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىن مىليونلاپ مەبلەغ ۋە نۇرغۇن يەر ـ زېمىننى تېجەپ قالالىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلىمى، قان ـ تەرى ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى بېقىپلا قالماستىن، ھەتتا، باج تاپشۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى بېقىۋاتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ كىشىلەر دېھقان قېرىنداشلىرىمىزدىنمۇ سۆيۈملۈك.

جۇڭگو دېھقانلىرى بۈگۈنكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ رەت تەرتىپىدە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېرى بار ئەمەسمۇ؟

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى گۇش سېتىپ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن دوكتور ماشىنا رېمونت قىلىپ ئۆزىنى كەمستىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ «گالۋاڭ زىيالىي» بولۇشنى خالىمىغانلىقى. ئەمەلىيەتتە، بۇ كىشىلەر ئىنتايىن پەزىلەتلىك، ناھايىتى بىلىملىك كىشىلەر، ئۇلار داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دىپلومىغا تايىنىۋالمايدۇ، دۆلەتنىڭ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، يەنە تېخى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتمەيدۇ، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ئارىسىدىكى مەشھۇرلاردۇر. قاچانكى، جۇڭگونىڭ ئالىي مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ 90 پىرسەنتى دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تايىنىۋالمىسا، دۆلەت مەمۇرلىقنى «بىردىن بىر چىقىش يولى» دەپ قارىمىسا، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆزىگە خاس بولغان بىر ياشاش زېمىنىنى ھازىرلىيالىسا، ئەنە شۇ چاغدا جۇڭگو ھەقىقىي قۇدرەت تاپقان، كۈچەيگەن بولىدۇ.

جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىر خىل يامان ئادەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئومۇمنىڭ بايلىقنى ئىگىلىۋالىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تايىنىۋالىدىغان كىشىلەر، بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرنى ياراتمايلا قالماستىن ئەكسىچە تەرەپ ـ تەرەپتە بۇ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرگە ئاۋارىچىلىق سېلىپ، ھەرخىل ئىش تېپىش يوللىرىغا توسقۇن قويۇپ، ھە دېسىلا ئۇلارغا زەربە بېرىۋاتىدۇ. بۇ بىر ھەق ـ ناھەق مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ بىر ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش مەسىلىسىدۇر. بۇ خىل ئەھۋال ۋە ھادىسە بىر كۈن ئۆزگەرمەيدىكەن، جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمى بىر كۈنمۇ تۈپتىن پەسەيمەيدۇ. بىز پەقەت كىمنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تونۇيالىساقلا، ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ھەم ئۆز كەسپىگە تايىنىپ ياشاۋاتقان كىشىلەر پۈتۈن جەمئىيەت ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرگە ئايلانغاندىلا ئاندىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى تۈپتىن ھەل بولۇشى مۇمكىن.

---

سۇۋنىياڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 12 ـ سانىنىڭ ئالدىقى يېرىم ئايلىق سانىدىن ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت تەرجىمە قىلغان. تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا سېرىق ئۆي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

www.uyghurkitap.com

# ئىمتىياز ــ باراۋەرلىكنىڭ گۆركارى

ھازىرقى زاماندىكى باراۋەرلىكنىڭ مەنىسى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك: باراۋەر بولغان سايلاش ھوقۇقى، يەنى سايلاش ھوقۇقىنى ھەر بىر ئادەمگىچە كېڭەيتىش، مانا بۇ سىياسىي ئەركىنلىكنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى؛ ئىككىنچى، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك: يەنى سالاھىيەت بىلەن قەدىر ـ قىممەتتە باراۋەر بولۇش، سىنىپ ۋە مال ـ دۇنياسىدىكى پەرق، پەرق ھېسابلانمايدىغان بولۇش؛ ئۈچىنچى، پۇرسەتتىكى باراۋەرلىك: ھەربىر ئادەم ئوخشاش ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش، يەنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسىگە ئاساسەن مۇناسىپ جاۋابقا ئېرىشىش.

سىياسىي جەھەتتىن باراۋەر بولۇش ئۈچۈن، ھەر قانداق شەخس، تەشكىلات، گۇرۇھ ھوقۇقنى مونوپول قىلىۋالماسلىق، يەنى گەرچە ئۇ، ئالەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممىنى مونوپول قىلىۋالماسلىق، مىراس قالدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلماسلىقى لازىم. سايلاش ھوقۇقىنى ھەر بىر ئادەمگىچە كېڭەيتىش— يەنى ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىش دېگەنلىك. ھەر قانداق ئادەمنىڭ سايلاش ھوقۇقىنى باشقىلار ئىگىلىۋالماسلىق، مۇقەددەس نىشان ئۈچۈن دەپ ئىگىلىۋالماسلىق كېرەك؛ ئالدىن بىلگۈچىلەرنى كېيىن بىلىدىغانلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان، ئۆزىمۇ تۇيمايلا قالىدىغان سايلاش ھوقۇقىنى يۇرگۈزمەسلىك لازىم. مەلۇملارنىڭ سايلاش ھوقۇقىنى ئىشلىتىشنى خالىماسلىقى، سايلاش ھوقۇقىنى ئىشلەتكۈسى يوقلۇقى، سايلاش ھوقۇقىنى ئىشلىتىشنى بىلمەسلىكى تۈپەيلىدىن نەق مەيداندا مەۋجۇت بولمىغان سايلاش ھوقۇقىنى مەلۇم ئادەملەرنىڭ سايلاش ھوقۇقىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىك كېرەك. سايلاش ھوقۇقى دېگەن، سايلاش ھوقۇقى، بۇ ئاساسىي قانۇن بەرگەن ھوقۇق، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋېلىش— ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلانلىق، سايلاش ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىش —ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن شۇغۇللانغانلىقتۇر. سايلاش ھوقۇقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش—خەلق رايىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغانلىق، يەنى زورلۇق كۈچى بىلەن سىياسىي ئەركىنلىكنى تارتىۋالغانلىق. سايلاش ھوقۇقى ئىگىلىۋېلىنسا، قۇللۇققا بىر قەدەم يېقىنلىشىپ، دېموكراتىيەدىن بىر قەدەم يىراقلىشىدىغان گەپ.

ئىجتىمائىي باراۋەرلىك دېگىنىمىز، ھەربىر ئادەم مەقسەت، ئەمما ۋاستە ئەمەس دېگەننى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ۋاستە دېيىش توغرا كەلسە، ھۆكۈمەت ۋاستە، سىياسىي پارتىيە ۋاستە بولىدۇ. ھەر قانداق ئادەم سالاھىيەت ۋە قەدىر ـ قىممەتتە باراۋەردۇر، ئۇ ھەرگىز يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئېسىل ـ پەس دەپ ئايرىلمايدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتى باراۋەر بولۇپ، ھەربىر ئادەم باراۋەر ھۆرمەتلىنىشى لازىم. مال ـ دۇنياسى بىلەن ئادەملەرنى دەرىجىگە ئايرىش؛ ئەمىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئادەملەرنىڭ قىممىتىنى باھالاشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتكە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقتۇر. ھەممىسى ئوخشاش جان تۇرۇقلۇق باھاسى ئوخشىماسلىق، ئەمەلدارلار تاجىسى بىلەن جىنايى جازانى ئالماشتۇرۇش، ھەتتا چىن لياڭيۇ تۇرمىدە يېتىپ تۇرۇپمۇ ھەر كۈنى 200 يۇەن ئۆلچىمىدىكى تاماقتىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي باراۋەرلىككە تەپ تارتماي ئاغدۇرمىچىلىق قىلغانلىق. دادىسى قەھرىمان بولسا ئوغلى ئەزىمەت، دادىسى يارىماس بولسا ئوغلى دۆت بوپتۇ، دېگەنلەر بىمەنە قانداشلىق نەزەرىيەسىدۇر. دادىسى ئەمەلدار بولسا، ئوغلىمۇ ئەمەلدار بولۇر، دادىسى چوڭ ئەمەل تۇتسا ئوغلىمۇ چوڭ ئەمەل تۇتۇر، دادىسىنىڭ ئەملى كىچىك بولسا، ئوغلى كىچىك ئەمەل تۇتۇر، دادىسى ئەمەل تۇتمىسىمۇ ئوغلى ئەمەل تۇتۇشنى ئويلىسا، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئادەملەر قوشۇنى ئەمەل كۈۋرۈكىگە قىستىلىۋالسا، بۇ ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي ئىمتىيازنىڭ كۆپۈپ ئەۋجىگە چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. «سىلەر دېگەن ئوسۇرۇققا ھېساب»، «پارتىيە ئۈچۈن گەپ قىلامسەن ياكى پۇقرا ئۈچۈن سۆزلەمسەن» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە ئىمتىياز خورىكىنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىدۇر. پارتىيە مەلۇم ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە سالاھىيەت ياكى قەدىر ـ قىممەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، پۇقرالارنى بۇلغانغان ۋە تاشلىۋېتىلگەن بىراكلار قاتارىغا قوشۇۋېتىش ئىجتىمائىي باراۋەرلىككە قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر.

پۇرسەتتە باراۋەر بولۇش ئەمەلىي نەتىجىگە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئېتراپ قىلىشقا، مۇكاپاتقا نائىل بولالايسەن، دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ھەر بىر ئادەمدىكى يوشۇرۇن كۈچنى باراۋەر تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. پۇرسەتتە باراۋەر بولماسلىقنىڭ بازار ئىگىلىكى جەريانىدىكى روشەن ئىپادىسى: ھوقۇق بىلەن ئابرۇينىڭ بىرلىشىۋېلىشى، ھوقۇق بىلەن ئابرۇي كاپىتالى، ھوقۇق بىلەن ئابروي ئىقتىسادى قاتارلىقلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن بەزىبىر ھوقۇقى بار ئادەملەر ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە— 0.4% ئادەم 70% بايلىقنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ئىش تىزگىنلەنمەي كېتىۋېرىدىغان بولسا، بۇ ئادەتتىكى ئېغىر ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىش بولماستىن، بەلكى تولىمۇ ئېغىر بولغان ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىشتۇر، شۇنداقلا بۇ، بىر قۇتۇپتىكى كەمبەغەللەر، يەنە بىر قۇتۇپتىكىسى بايلار

مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى بىر قۇتۇپتىكىسى كەمبەغەللەر، يەنە بىر قۇتۇپتىكىسى بىر قىسىم ئەمەلدار بايلار مەسىلىسىدۇر. بۇ ئەمەلدار بايلار ئوتتۇرىدىكىلەر بولماستىن، بەلكى ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچىگە قائىدە تۈزگۈزۈش-يولۋاس بىلەن تېرىسى ھەققىدە سودىلاشقاندەك بىر ئىش، خالاس. ئىلگىرى، ئەمەلدارلار سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى، دېيىلەتتى. ھازىر بولسا تىل بىرىكتۈرۈپ ئاۋارە بولمايلا ئاللىقاچان بىرلىشىپ كەتتى. دادىسى ئەمەلدار بولسا، ئوغلى سودىگەر، ئېرى ئەمەلدار بولسا، خوتۇنى سودىگەر، توقال-ئويناشلىرىمۇ سودىگەر تۇرسا، بۇ ئادەملەردىن ئاز-تولا بولسىمۇ باراۋەر ئىشلارنى قىلىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتۈش-سارائىڭنىڭ چۈشەكگىنىدەك بىر ئىش. ئۇلار تېخىمۇ چوڭ تەڭسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

بۇ ئۈچ خىلنىڭ ھەممىسى ئىمتىياز بىلەن قارىمۇ قارشى مەيداندا تۇرىدۇ. بىرىنچى خىلى، سىياسىي ئىمتىيازغا قارشى تۇرىدۇ. ئىككىنچى خىلى، ئىجتىمائىي ئىمتىيازغا قارشى تۇرىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگودىكى ئىمتىياز ئاساسلىقى ئەمەلدارلىق ئىمتىيازى. شۇڭا ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەمەلدارلارنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇشتۇر. بۇنداق ئىمتىياز ھەممىلا ئەمەلداردا بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، ئەمما ئالدىدىكىسى چىرىكلەشسە، كېيىنكىسى ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان خەتەرلىك ئەھۋالنىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. كېسەل تەرەققىي قىلىپ راك باسقۇچىغا يەتكەندە، ئۇنى ساقايتىش مۇشكۈل. بىر ئادەمنى ساقايتىشنىڭ تەسلىكى، بىر ئىمتىياز قاتلىمىنى ساقايتىشنىڭ تېخىمۇ تەس ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ئىش شۇكى، دەرھال دورا يەپ، ئوكۇل ئۇردۇرۇشىمىز كېرەك. ئەڭ ياخشى ئوكۇل-دورا-ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ۋە قانۇن-تۈزۈم. ئۇنداق قىلماي، ھەر قانچە ياماپ-تۆشگەن بىلەنمۇ، بۇ خۇددى كۆدە ئورۇغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ-دە، كېسەلنى داۋالىدۇق دېگەن بىلەن جاننى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ئاقىۋەتتە يالماپ يۇتۇۋەتكىنىمىز باراۋەرلىك بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىمىزمۇ نابۇت بولىمىز.

---

مۇ رەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2009-يىلى 25-ئاۋغۇست (2151-سان) سانى 1-بەت باش ئىستوندىن **راخمانجان رۇسۇل سولتانىي** تەرجىمە قىلغان. تىلماچ: شىنجاڭ يېزائىگىلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزىۋەت شۆبىسىدىن.

# تاشقى پىلانېتا ئادىمىنىڭ سوۋغىسى

نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى، يەر شارىغا ساياھەتكە كەلگەن تاشقى پىلانېتا ئادىمى، يەرشارىدىن كېتىش ۋاقتىدا تېخىچە قالاق ھالەتتە تۇرغان، ھەم ئۇرۇش-تالاشلار بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەن كىشىلەرگە، تاشقى پىلانېتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي تاپقان ئىلىم-پەن تېخنىكىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ كېلىۋاتقان بىر سوۋغا-مىسىر پىرامىداسىنى ئالاھىتەن قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن، تاشقى پىلانېتا ئادىمى ھازىرقى زامان ئادىمى قىياپىتىگە كىرىپ، مەخپىي ھالدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بوپتۇ. بۇ چاغدا، يەرشارى ئاللىقاچان 2068-يىلغا قەدەم قويغان بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى يۈكسەك دەرىجىدىكى ماددىي مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىپ بولغان بولسىمۇ، يەر شارى كىشىلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى ئىنتايىن بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىكەن. يەر شارىنىڭ ھاۋاسى ۋە سۈيى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان بولۇپ، پاكىز، ساپ سۇ ۋە ساپ ھاۋا ناھايىتى ئەتىۋار بولۇپ قاپتۇ. يەرشارىدا راك كېسىلىدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغان خىلمۇخىل غەلىتە كېسەللىكلەر ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بوپتۇ. يەر شارىدىكى تۈرلۈك ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇھىتنىڭ ئۈزلۈكسىز ناچارلىشىشى تۈپەيلىدىن ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەپتۇ.

تاشقى پىلانېتا ئادىمى يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، يەر شارىغا قايتا ساياھەت قىلغىلى كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، يەر شارىدىن ئايرىلىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە، بىر قېتىملا ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئىككى دانە سوۋغىنى يەرشارى بويىچە ئەقىللىق ئىككى كىشىگە بېرىشنى قارار قىپتۇ.

تاشقى پىلانېتا ئادىمى بىرىنچى سوۋغىنى چيەنداۋ شاڭشەن ئەپەندىگە بېرىپتۇ. ئۇ «ئىمپېرىيە سۇ ساپلاشتۇرۇش گۇرۇھى»نىڭ باش لىدىرى بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە سودىسى ئەڭ راۋاج تاپقان سۇ ساپلاشتۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

يېرىم كېچىدە، تاشقى پىلانېتا ئادىمى سوۋغىنى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان شاڭشەن ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، تاشقى پىلانېتا ئادەملىرىنىڭ ئۆزگىچە تەلەپپۇزى بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «چيەنداۋ شاڭشەن ئەپەندىم، ياخشىمۇ سىز؟ مەن تاشقى پىلانېتا ئادىمى، سىزگە بەرمەكچى بولغان بۇ نەرسە سىلەردىكى كومپاسقا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ تاشقى پىلانېتا

ئادەملىرىنىڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق مەھسۇلاتى، ‹سۇمەنبەسىنىڭ دەۋرىنى بەلگىلەش كومپاسى› دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ كارامەت رولى بار. ھازىر يەر شارىنىڭ سۇمەنبەسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. سىز دۇنيا بويىچە ساپ ـ پاكىز سۇنىڭ يەرشارى ئادەملىرى ۋە باشقا ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئادەم. شۇڭا سىز بۇ كومپاستىكى دەۋر رەقەم بەلگىلىرىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭدىكى ھەربىر كىچىك كاتەكچە يەرشارىدىكى 500 يىللىق ۋاقىتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كومپاس ئۈستىدىكى مىتال تاياقچە بولسا دەۋر ئىسترېلكىسى. سىز پەقەت ئۇنىڭدىكى ئىسترېلكىنى سائەت ئىسترېلكىسى يۆنىلىشىنىڭ تەتۈرىسىچە بوشقىنە بىر كاتەك سۈرۈپ قويسىڭىزلا يەر شارىدىكى بارلىق سۇمەنبەسى دەرھال 500 يىل ئىلگىرىكى ھالەتكە قايتىدۇ. بۇ چاغدا 2068 ـ يىلدىكى يەرشارى ئادەملىرىنىڭ كۆرىدىغىنى 1568 ـ يىلدىكى تېخى سانائەت ئىنقىلابى پارتلىمىغان ۋاقىتتىكى تاغ، دېڭىز سۇلىرى بولۇپ، ئېقىۋاتقان ئۆركەشلەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى سۈپسۈزۈك، تەبىئىي ساپ سۇلاردۇر.»

تاشقى پىلانېتا ئادىمى گېپىنى تۈگىتىپلا تۇمانغا ئايلىنىپ غايىپ بولۇپتۇ. ئۇ تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئىككىنچى سوۋغىنى بېرىپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ سوۋغىمۇ ئوخشاشلا كومپاس شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئوخشاشلا دەۋرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگىلەر ۋە دەۋر ئىسترېلكىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى «ھاۋا مەنبەسىنىڭ دەۋرنى بەلگىلەش كومپاسى» ئىدى. ئۇنىڭمۇ ئوخشاشلا كارامەت رولى بولۇپ ئىسترېلكىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ تەتۈرىسىچە بوشقىنە بىر كاتەك سۈرۈپ قويسىلا يەر شارىدىكى ھاۋا دەرھال 500يىل ئىلگىرىكى ساپ ھاۋا دەۋرىگە قايتاتتى. تاشقى پىلانېتا ئادىمى «ھاۋا مەنبەسىنىڭ دەۋرىنى بەلگىلەش كومپاسى»نى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن روجقا بېرىپ، تاشقى پىلانېتا ئادەملىرىنىڭ ئۆزگىچە تەلەپپۇزى بىلەن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «روج ئەپەندىم، سىز بولسىڭىز دۇنيا بويىچە ساپ ھاۋا ئىشلەپچىقىرىش مۇتەخەسسىسى، سىز ساپ ھاۋانىڭ يەرشارى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىسىز. سىز ئويغانغان ھامان كومپاستىكى دەۋر ئىسترېلكىسىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە بوشقىنە بىر كاتەك سۈرۈپ قويسىڭىزلا، يەر شارىدىكى ئىنسانىيەت ۋە بارلىق ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەر دەرھال 500 يىل ئىلگىرىكى يوپۇرماق ۋە ئوت ـ چۆپ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالالايدۇ.»

تاڭ يورۇغان چاغدا، چېنداۋ شاڭشەن ئەپەندىم بىلەن روج ئەپەندىم ئويغىنىپ تاشقى پىلانېتا ئادەملىرىنىڭ سوۋغىسىنى كۆرۈپتۇ ھەم ئۇنىڭ تاپىلىغانلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ. بىراق، تاشقى پىلانېتا ئادىمى تاشقى پىلانېتىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەلۇم بىر كۈنى، تاشقى پىلانېتىدا تارقىتىلىش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان «كائىنات ھەققىدە قىسسە» ناملىق بىر گېزىتنى كۆرۈۋېتىپ يەر شارىغا مۇناسىۋەتلىك تاسادىپىلا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان، بىر خەۋەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ: «ئالەم جىسىملىرى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەلۇماتىدىن دەلىللىنىشىچە، يىراقتىكى تاشقى پىلانېتا ـ يەرشارىدىكى ھاۋا ۋە سۇ مەنبەسىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ناچارلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، يەرشارى ئادەملىرى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا مىليون يىللار ئىلگىرىكى دىنوزاۋۇرلارغا ئوخشاش يەر شارىدىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى!»

«يەر شارىدىكى ئىنسانلار مىليون يىللار ئىلگىرىكى دىنوزاۋۇرلارغا ئوخشاش يەر شارىدىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى؟!» تاشقى پىلانېتا ئادىمى ھەيرانلىقىنى باسالماي قاپتۇ ھەم ئۆز ـ ئۆزىگە «مەن ‹سۇ مەنبەسىنىڭ دەۋرىنى بەلگىلەش كومپاسى› ۋە ‹ھاۋا مەنبەسىنىڭ دەۋرىنى بەلگىلەش كومپاسى›نى يەر شارى بويىچە ئەڭ ئەقىللىق ئىككى ئادەمگە بەرگەن ئەمەسمىدىم؟ ئەجەبا ئۇلارنىڭ ھەممىسى...»

تاشقى پىلانېتا ئادىمى بىر نېمىنى ئېسىگە كەلتۈرگەندەك بولۇپ، پۇشايمان قىلىپتۇ.

قوشۇمچە:

بۇ دۇنيانى راستىنلا چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ، بەزى خىياللار ئالدىن ئېيتىلغان بولىدۇ، ئالدىن ئېيتىلغان بەزى سۆزلەر رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلارنىڭ ئاي شارىغا چىقىشى، يەر شارىنىڭ بۇلغىنىشى... قاتارلىقلار. بۇ ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ بىزگە ئاتموسفېرا، سۇ مەنبەسى، تۇپراق قاتارلىقلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە بۇلغىنىشى ھەققىدىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. شۇڭا بىز مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ تايانچىسى، گۈزەل ئەمما بىچارە يەر شارى ئائىلىمىزنى قوغدىشىمىز، ھەربىر تامچە سۇ، ھەربىر غېرىچ تۇپراقنىمۇ قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئەگەر راستىنلا بىر كۈنى «ئىنسانىيەت كۆرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇ ئۆزىنىڭ كۆز يېشى»دەك ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولمامدۇ؟!

---

شۇ جاڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «تاللانغان قىسقا ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 24 ـ سانىدىن ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت تەرجىمە قىلغان. تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا سېرىقتۈي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.



بىر تۈركۈم ئوبرازلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە؛ «ئېلىپبە»، «تىل دەرسى»، «ئوقۇش كىتابى»، «گىرامماتىكا» قاتارلىق دەرسلىكلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرسلىك قۇرۇلۇشىغا؛ تۈزۈش، بېكىتىشكە قاتناشقان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»... قاتارلىق ئەمگەكلىرى ئارقىلىق رايونىمىزدىكى لۇغەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان پېشقەدەم لۇغەتشۇناس، تىلشۇناس، شائىر غەنىزات غەيۇرانى (1930—2007.11.28) نى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمىز.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇمۇ بىر يول...

مەتمىن كېرەم فوتوسى

«شنجاڭ مەدەنىيىتى» 2011 ـ يىلى 1 ـ سان (ئومۇمىي 307 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۈەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830011 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22 定价：6元